


ئۈشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۈشبۇ كىتاب ئاپتورنىڭ رۇخستى ۋە تەلىپى بىلەن ئېلكىتاب توردا تۈنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org



# مەن ۋە ۋەتىنىم

«ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دەيدۇ رەسۇلىمىز. بىز ئۆزىمىز، جەمەتىمىز، مەھەللىمىز، يۇرتىمىز، مۇھىتىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدە قانچىلىك بىلىمىز؟ بىز ئوقۇغان دەرسلەر ھاياتتا ئىنسان دائىم ئېھتىياجلىق ساۋاتلارنى يەتكۈزەلىدىمۇ؟ ۋەتەنسىز، ھوقۇقسىز، بىلىمسىزلىكىمىز بىزنى ئۆزىمىز، مىللىتىمىز ۋە دۇنياغا يوشۇرۇنغان سىرلار ھەققىدە ئويلاشقا دەۋەت قىلالىدىمۇ؟ مەۋجۇتلۇق ۋەھىمىسىنى قايسى بىلىم بىلەن يېڭىمىز؟ بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان تەبىئەت، يۇرت، جەمئىيەت ۋە دۇنيادىن ساۋاتلىقمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ؟ ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل تەبىئي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھاياتىمىز بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ؟ پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆزىنى، جەمەتىنى، ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى ئۇيغۇر تىلىدا قانچىلىك چۈشەندۈرەلەيمىز؟

سوئاللار كۆپ، بىز مۇشۇ سوئاللارغا ئاز تولا بولسىمۇ جاۋاپ بېرىش، باللار بىلەن ئۆزى، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيا ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قوللىنىش ۋە مىڭىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بىلىملەرنى يېڭىلاشتا ئاز ـ تولا ياردەمدە بولارمىكىن دېگەن مەقسەتتە بۇ ئۇنىۋېرسال ساۋات كىتابىنى تۈزدۇق.



# مەن ۋە ۋەتىنىم

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى

# كىرىش سۆز

«مەن ۋە...» بىلەن باشلانغان بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپنى بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن ئەۋلات ئىشقىدا يانغان بىر تۈركۈم پىداكارلار ھاۋالە قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا تۇمشۇقتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن دۇنيانى، تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى بالىلارغا ئانا تىلدا قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدە سۆھبەتتە بولغان ئىدۇق. ئۇلار مەكتەپلەرگە ئۆز ئالدىغا دەرسلىك تەسىس قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەپتىدە ئىككى سائەت ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزگۈزمەكچى بولۇشتى. مەن ئۇلارغا بۇ دەرسلىكنىڭ خىتاي تەشەببۇس قىلىدىغان ساختا كوللىكتىۋىزىمنىڭ ئەكسىچە ئۆزلۈكنى تەكىتلەيدىغان «مەن» بىلەن باشلاشنى ئېيتتىم. باشلانغۇچقا «مەن ۋە بەدىنىم»، «مەن ۋە ئائىلەم، جەمەتىم» دېگەن ئىككى كىتاپ، تولۇقسىزغا «مەن ۋە تارىخىم»، «مەن ۋە زېمىنىم»، «مەن ۋە ئېلىم-پەن» دېگەن ئۈچ كىتاپ، تولۇق ئوتتۇرىغا «مەن ۋە ئىلاھىي دۇنيا»، «مەن ۋە سىياسىي دۇنيا» دېگەن ئىككى تەييارلانماقچى بولدى. بۇ كىتاپلاردىن مەقسەت پەرزەنتلىرىمىز ئۆگىنىشنى بەدىنىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلىسۇن، ئاندىن چۈشەنچىسىنى مىللەت، ئىلىم-پەن ۋە تۇپراققا كېڭەيتسۇن، ئاخىرىدا ماددىي ۋە ئىلاھىي دۇنيانى مۇكەممەل ئىگىلەپ ھايات يولىدا تىنەپ تەمتىرەپ قالمىسۇن، تۇرمۇشقا چىرماشقان ساختا تېبابەت، ئازغۇن سىياسەت ۋە يالغان ئىلاھىيەتكە ئالدانمىسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بايقىشىمچە ۋەتىنىمىزدە كىشىلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان بەدىنى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغاچقا بىزدە داخان، پىرخۇن ۋە رىياكار تېۋىپلار بازارلىق ئىدى، كىشىلىرىمىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت، كېسەللىك، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدە پەننى ساۋاتقا ئىگە بولمىغاچقا خۇراپاتچىلار دىندارلىق تونىدا ھۆرمەت تۆرىدە ئۇلۇغلىناتتى. خەلقىمىز سىياسەت، خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنياۋى تەرتىپ ھەققىدە مەرىپەتلىك بولالمىغىنى ئۈچۈن دائىم زالىملارنىڭ قۇلىغا قوللىغۇچىسىغا ياكى قوللاردىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالاتتى.

خەلقىمىزدىكى ھوقۇقسىزلىق، مائارىپسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، پەننىڭ ئومۇملاشماسلىقى، بېقىندىلىقنىڭ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئاجىز ھالىتىمىزگە ئۆزگەرتىش نادانلىققا، خۇراپاتقا جەڭ ئېچىش بولسا، بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىش بىلىمسىزلىككە يەم بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا غەيرەتكە كەلگەن پەرۋانە ئۇستازلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەن بىر يۈرۈش كىتاپنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كىتاپنى تۈزۈش ئىشىغا ئون يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە سىنىپ باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوستۇم ئەخمەت مەسئۇل بولدى. 2013-يىلى ئاۋغۇستتا كىتاپلار پۈتتى. مەن رەسىم كىرگۈزۈش، كۆنۈكمە تەييارلاش، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتمە تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان چاغدا قاماققا ئېلىندىم. مەن چىقىپ تۇرۇشۇمغا قەدىناس دوستۇم تۇتۇلۇپ كەتتى. كىتاپ مەندە قالدى.

«مەن...» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپنى تۈزگەن دوستۇم ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك قىلغان ئىكەن. ئەينى چاغدا قىلغان پىلانلىرىمىز شۇ چاغدا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس ھېلىمۇ زۆرۈر بىر ئېھتىياج ئىكەندۇق. مۇشۇنداق بىر يۈرۈشلۈك كىتاپلارنى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇساپىرەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم، ھەمدە قاماقتا قالغان دوستۇمنىڭ ئۈمىدىنى مۇھاجىرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. ئۇيغۇرىياردىكى دوستلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپ روياپقا چىقتى. دېگىنىمدەك مەن بۇ كىتاپلار ئۈچۈن كۆنۈكمە ھازىرلىيالمىدىم، رەسىم كىرىشتۈرەلمىدىم، دوستۇم قاماقتا بولغاچقا كىتاپنى تۈزۈشتە قوللانغان مەنبەلەرنى سۈرۈشتە قىلالمىدىم. پەقەت تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى تولۇقلاشلارنى قىلدىم. ۋەتەندە شارائىت چەكلىمىسى سەۋەبلىك دېيىلىپ قالغان سۆز، جۈملە ۋە ئاتالغۇلارنى يېڭىلاپ چىقتىم.

# مۇندەرىجە

ۋەتىنىمىز ـ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تاغ تىزمىلىرى ۋە تاغ چوققىلىرى .......... 9
تاغ تىزمىلىرى .................................... 9
ئالتاي تاغ سىستېمىسى .................................. 10
تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى .................................. 12
تاغ چوققىلىرى .................................... 27
شەرقىي تۈركىستاندىكى ئويمانلىقلار .................... 30
تارىم ئويمانلىقى .................................... 30
جۇڭغار ئويمانلىقى .................................... 31
تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى .................................. 32
داۋانچىڭ .................................... 35
شەرقىي تۈركىستاندىكى قۇملۇق ۋە چۆللۈكلەر ...................... 37
تەكلىماكان قۇملۇقى .................................... 37
قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى .................................. 39
قۇم تاغ قۇملۇقى .................................... 40
شەرقىي تۈركىستاندىكى چۆللۈكلەر .......................... 42
تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى چۆللۈكلەر ...................... 42
جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈكلەر .................. 43
شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈكلەر .................. 44
شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇزلۇقلار .......................... 45
يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى .................................... 48
ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقى .................................. 48
چۇڭسى مۇزلۇقى .................................... 48
قارا يايلاق مۇزلۇقى .................................... 48
كېرىيە مۇز قالپاق مۇزلۇقى .................................. 49
يېڭسۇگەت مۇزلۇقى .................................... 49
چوگىر مۇزلۇقى .................................... 49
جاشۇ بۇلۇم مۇزلۇقى .................................... 50
تېرامكەڭرى مۇزلۇقى .................................... 50
ئۈرۈمچى دەرياسى مەنبەسى 1 ـ نومۇرلۇق مۇزلۇقى .................. 50

تۆمۈر مۇزلۇقى ........................................ 50
چوڭ تېرەن مۇزلۇقى ........................................ 51
تۇغبەلچى مۇزلۇقى ........................................ 51
مۇزارت مۇزلۇقى ........................................ 51
جەنۇبىي ئىنەلچۈك مۇزلۇقى ........................................ 51
شەرقىي تۈركىستاندىكى دەريالار........................................ 53
ئېرتىش دەرياسى ........................................ 55
جۇڭغار ئىچكى ئېقىن رايونى سۇ سىستېمىسى ........................................ 56
ئۈرۈمچى دەرياسى ........................................ 57
ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا رايونى ـ ئىلى دەرياسى سۇ سىستېمىسى 57
ئانا دەريا تارىم دەرياسى ........................................ 58
ئاقسۇ دەرياسى ........................................ 61
قۇمئېرىق دەرياسى ........................................ 61
قەشقەر دەرياسى ........................................ 61
گەز دەرياسى ........................................ 62
يەكەن دەرياسى ........................................ 62
خوتەن دەرياسى ........................................ 63
يورۇڭقاش دەرياسى........................................ 64
شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆللەر........................................ 65
بۇغدا كۆلى ........................................ 67
ئېبىنۇر كۆلى ........................................ 68
سايرام كۆلى........................................ 68
ئۇلۇنگۇر كۆلى ........................................ 68
لوپنۇر كۆلى ........................................ 69
باركۆل كۆلى ........................................ 70
باغراش كۆلى ........................................ 70
ئاققۇ كۆلى ........................................ 70
قاناس كۆلى ........................................ 71
سەيۋوپۇ كۆلى ........................................ 71
داۋانچىڭ تۇزلۇق كۆلى ........................................ 72
شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىلىماتى ........................................ 73
كىلىمات بەلبېغى ........................................ 75

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى بايلىقلار.................................. 76
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆن نۇرى ئىسسىقلىقى، سۇ ۋە يەرلىرى....... 76
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ زاپاس مىقدارى مول قېزىلما بايلىقلىرى....... 77
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ يوشۇرۇن كۆچى زور ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقلىرى.................................................... 80
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفت، تەبىئىي گاز بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى....................................................... 82
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفت، تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى....................................................... 83
«غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نىڭ مەنبەسى ــ «قارا تۇمشۇق ــ 2 » تەبىئىي گازلىقى ....................................................... 87
تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى ........................................... 90
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر بايلىقى............................ 92
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ......... 92
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........ 94
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرى مول مېتال قېزىلما بايلىقلىرى.......... 98
مول قارا مېتال قېزىلما بايلىقلىرى ......................................... 98
تۆمۈر رۇدىسى ......................................... 98
خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى ............................................ 100
مانگان رۇدىسى ......................................................... 101
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرى.................................................................. 103
مېتاللارنىڭ سەركىسى ــ قىممەت مېتال قېزىلما بايلىقلىرى ..................... 107
ئالتۇن رۇدىسى ........................................... 108
كۈمۈش رۇدىسى ........................................... 110
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقلىرى خوتەن قاشتېشى .............................................. 111
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا ئېسىل تاشلىرى ........................ 113
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاق رەڭلىك كەسپ .......................... 115
كالىي تۇزى ...................................................... 115
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقلىرى.......... 116
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەۋزەل كۆن نۇرى ئىسسىقلىقى ۋە يەر، سۇ

بايلىقى.......................................................... 117
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر بايلىقى ................................ 117
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقى ................................ 119
سۇ بايلىقىنىڭ جايلىشىشى ......................................... 119
يەر ئاستى سۇ بايلىقى ......................................... 120
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مول ئىسسىقلىق........................... 122

# ۋەتىنىمىز ــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاغ تىزمىلىرى ۋە تاغ چوققىلىرى

## تاغ تىزمىلىرى

تاغ سىستېمىسى مەلۇم يۆنىلىشتە سوزۇلغان، شەكىللىنىش سەۋەبى جەھەتتە باغلىنىشلىقى بولغان ھەم قانۇنىيەتلىك ھالدا تارقالغان بىر قانچە تاغ سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئوخشاش بىر تاغ سىستېمىسى دىكى تاغ تىزمىلىرى ئوخشاش گېئوتېكتونىكىلىق بىرلىك ۋە گېئولوگىيەلىك دەۋرگە تەئەللۇق .مەسىلەن : تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى شىمالىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى، جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. تاغ تىزمىسى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە جايلاشقان بىرقانچە تاغنىڭ ئومۇمىي نامى مەسىلەن : شىمالىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى، ئالاتاۋتېغى، بېگجىنتاۋ تېغى، كوگورچىن تېغى، پولكىنۇر تېغى، ئىرەنقابىرغا تېغى، تېڭگېر تېغى، بۇغدا تېغى، باركۆل تېغى قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان تاغلار ئاساسىي تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئاساسىي تاغ تىزمىسىدىن سوزۇلۇپ چىققانلىرى تارماق تاغ تىزمىلىرىدۇر .

شەرقىي تۈركىستاندا تاغلار كۆپ : تاغ، تاۋ، ئۇلا، ئېلا قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تاغنى ئوخشاش بولمىغان

تىلدا ئاتىشىدۇر. مەسىلەن : ئۇيغۇر تىلىدىكى تاغ قازاق تىلىدا تاۋ، مۇڭغۇل تىلىدا ئۇلا دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئالتاي تاغ سىستېمىسى

ئالتاي تاغ سىستېمىسى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئالتاي تېغى مۇڭغۇل تىلىدا «ئالتۇن تاغ» دېگەن مەنىدە. ئالتاي تاغ سىستېمىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال قىسمى قازاقىستان ۋە روسىيە تەۋەلىكىگە سوزۇلىدۇ، ئۇ قەدىمكى پۈرۈلمە ئۆزۈك تاغ ھېسابلىنىدۇ. ئالتاي تاغ سىستېمىسى غەربىي شىمال-شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2000 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250~350كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4506 مېتىر بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى بار .تاغلىقلىرى يىپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە تۇپراقنىڭ ۋېرتىكال بەلۋاغلاردا بۆلۈنۈشى روشەن، ئورمان ۋە كانزاپىسى مول، تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا باب كېلىدۇ .

شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى ئالتاي تاغلىرى پۈتكۈل تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلەك جەنۇبىي يانباغىرلىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 750 كىلومېتىر، غەربىي شىمال بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر، شەرقىي جەنۇب بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى 80 كىلومېتىر، كۆلىمى 58 مىڭ 900 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئالتاي تاغلىرى، ئارگالتى تاغلىرى، بەيتىك تاغلىرى ۋە شەرقىي قىسمىدىكى قابتېك تېغى،

خوخۇندېل تېغى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2000~3500 مېتىر كېلىدۇ؛ تاغلىرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. خىنتىاي، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيە قاتارلىق تۆت دۆلەت چېگرىلىنىدىغان جايدىكى بىرقانچە تاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ .ئەڭ ئۇزۇن بولغان دوستلۇق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا كىچىك مۇزلۇقلار تاقالغان، شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3200~3800 مېتىر ئارىلىقىدا شەرقىي قىسمىدىكى بىر قاتار ئۇزۇك تاغلار ئانچە ئېگىز ئەمەس. ئارگالتى تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2137 مېتىر، بەيتىك تېغىنىڭ 3290 مېتىر، بەيتىك تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تار، ئۇزۇنچاق كەتكەن پەس تاغلارنىڭ بولسا 2000 ~ 2500 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئالتاي تاغلىرى تىپىك قاتلامسىمان گېئومورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە :بىرىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن يۇقىرى ئېگىز تاغ بەلۋېغى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2600~3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتتۇرا ھال تاغ بەلۋېغى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000~2400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتتۇرا ھال تاغ بەلۋېغىغا جايلاشقان. غەربىي قىسمى شىمالىي مۇز ئوكيان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ھۆل يېغىنى مول. تاغلار قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، شەمشاد، بالقارىغاي، قارىغاي، ئاق شەمشاد قاتارلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار ۋە قېيىن، تېرەك قاتارلىق كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر بار. شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوننىڭ ھۆل يېغىنى ئاز

ئورمانلىرى بىر قەدەر شالاڭ بولۇپ يايلاقنى ئاساس قىلغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان. خىتاينىڭ ئالتاي تاغلىرىدىكى ئاساسلىق دەريا ئېقىنلار غەربتىن شەرققە قاراپ قابا دەرياسى، بۇرچىن دەرياسى، قىران دەرياسى، قارائېرتىش دەرياسى، چىڭگىل دەرياسى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ دەريالار ئېرتىش دەرياسى سۇ سىستېمىسى بىلەن ئۇلۇنگۇر دەرياسى سۇ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ جاينىڭ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، نىكېل، مىس، لىتىي، بىئۇبىي، تانتال، چىرىمتال، ياقۇت قاتارلىقلار بار.

## تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى

تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربىي بۆلىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان تەۋەلىكىدە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر كېلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1760 كىلومېتىر بولۇپ، تەڭرى تېغى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ كەڭلىكى 250~350 كىلومېتىر، كۆلىمى 464 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى تەڭرى تاغلىرى قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پۈرمىلىشىش، كۆتۈرۈلۈش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ھايات (مېزوروي) ئېراسى بىلەن يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ دەسلەپكى ئۈچىنچى دەۋرىدە يالىنىپ تەكشىلىنىش نەتىجىسىدە يالانما تۈزلەڭلىككە

ئايلانغان. يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى داۋامىدا ئۈزۈك بۆلەكلەر كۆتۈرۈلۈپ، بۈگۈنكى ھەيۋەتلىك تاغ گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىر قانچە ئۈزۈك تاغلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ شىمالىي تەڭرىتاغ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ، جەنۇبىي تەڭرى تاغلاردىن ئىبارەت .تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر ئەتراپىدا. تەڭرى تاغلىرىدا پەلەمپەيسىمان يەرشەكىللىرى بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك تەكشى يۈزى 4000 مېتىردىن يۇقىرى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەكشى يۈزى 2800~3200 مېتىر، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەكشىيۈزى 1800~2200 مېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى شەرق-غەرب يۆنىلىشى شەكلىدە سوزۇلغان. تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە ئاساسىي چوققا-تۆمۈر چوققىسى جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1435.3 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانتەڭرى چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 6995 مېتىر، تەڭرى تېغىنىڭ چوققىسى بولغان بوغداچوققىسىنىڭ دېڭىزيۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىركېلىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ



شەرقىي بۆلەك تاغ گەۋدىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. قارلىق تاغنىڭ شەرقىي قىسمى چۆللۈككە يانتۇلانغان. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدا نۇرغۇن ئويمانلىقلار بار. مەسىلەن :

ئىلى ئويمانلىقى، قاراشەھەر ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى، موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى، يۇلتۇز ئويمانلىقى، باي ئويمانلىقى، كۆمۈش ئويمانلىقى قاتارلىقلار.

تەڭرى تاغلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ ھازىرقى زامان مۇزلۇق رايونى بولۇپ، 6890 دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9500 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، مۇزلۇقلاردىكى ئارتۇق، مۇزلارنىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 360 مىليارد كۇب مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسى، خانتەڭرى چوققىسى تاغ تۈگۈنى ۋە خالىقتاۋ قاتارلىقلار ئەڭ چوڭ مۇزلۇق رايون ھېسابلىنىدۇ.

## شىمالىي تەڭرىتاغ

شىمالىي تەڭرىتاغ غەربتە ئالاتاۋ تاغلىرىدىن باشلىنىپ، شەرققە تەرتىپ بويىچە بېگجىنتاۋ تېغى، كوگورچىن تېغى، پولكىنۇرتېغى، ئېرەنقابىرغا تېغى، تەڭرى تېغى، بۇغدا تېغى، باركۆل تېغى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغ گەۋدىسى ئاساسەن شەرق-غەرب يۆنىلىشىدە، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 50~100 كىلومېتىر ئەتراپىدا، ئەڭ كەڭ جايلىرى 200 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. شىمال تەرىپى جۇڭغار ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا ئىلى ۋادىسى، چوڭ-كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىق ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە تاغلىرى ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرىدىن ئېگىز، جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىدىن پەسرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500~3000

مېتىر ئارىلىقىدا.

## ئالاتاۋ

ئالاتاۋ قازاقچە «رەڭدار تاغ» دېگەن مەنىدە. شىمالىي يانباغرى قازاقىستان تەۋەلىكىدە، جەنۇبىي يانباغرى شەرقىي تۈركىستانىڭ بۆرتالا مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شەرقىي شىمال – غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 350 كىلومېتىر، كەڭلىكى 70 ~ 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى تاغ بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر. كەڭلىكى 25~10كىلومېتىر، كۆلىمى 4000 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىقنىڭ جەنۇبىي چېتىنى بۆرتالا ۋادىسى، شىمال تەرىپىنى خىتتاي قازاقىستان چېگرالىنيەسى پاسىل قىلىدۇ. شەرقىي بۆلىكى ئېبنۇر كۆلى ئويمانلىقىغىچە سوزۇلىدۇ. غەربىي قىسمى ئاساسەن شەرقى – غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بېگجىنتاۋ تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

## بوغدا تاغلىرى

بوغدا تاغلىرى شىمالىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلەك تاغ تېزمىسى بولۇپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە سوزۇلغان. شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىغا قوشنا، جەنۇبتا سەيۋوپۇ ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن چېگراداش، شەرقتە يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقى ئارقىلىق باركۆل تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي جەنۇبتا سەيۋوپۇ ئويمانلىقى ئارقىلىق تەڭرى تېغىغا قوشنا ئاساسەن شەرق – غەرب

يۆنىلىشىدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 320 كىلومېتىر، كەڭلىكى 40 ~ 80 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي چوققىسى بولغان بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر، چوققا رايونىدا 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىسىدىن ئاشىدىغان تاغ چوققىسىدىن يەتتىسى بار. مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 221 كۋادرات كىلومېتىر. شەرقىي بۆلىكىنىڭ تاغ گەۋدىسى تەدرىجىي پەسىيىپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىرغا چۈشىدۇ، يەتتە قۇدۇق بۆلىكىگە كەلگەندە 1000 مېتىر ئەتراپىغا بارىدۇ. تاش يول بۇ جايدىن ئۆتۈپ، جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي يانباغرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق.

## باركۆل تاغلىرى

باركۆل تاغلىرىنىڭ يەنە بىر ئىسمى بارقۇتېغى. باركۆل تاغلىرى شىمالىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە .ئۇ شىمالدا باركۆل ئويمانلىقى، جەنۇبتا قۇمۇل ئويمانلىقى، شەرقتە قارلىق تاغ ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە بوغدا تاغلىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ .غەربىي بۆلىكى ئاساسەن شەرق- غەرب يۆنىلىشىدە، غەربىي بۆلىكى غەربىي شىمال-شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى شىمالغا تومپىيىپ چىققان يايسىمان شەكىل ھاسىل قىلغان. ئوتتۇرا قىسمى ئەڭ كەڭ، ئىككى بېشى تار ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 160 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 ~ 40 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن4500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3000 مېتىر، ئوتتۇرا قىسمى ئەڭ ئېگىز. ئاساسىي چوققىسى بولغان

ھىلال ئاي تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4265 مېتىر كېلىدۇ؛ ئىككى بېشىغا قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ 2000 مېتىر ئەتراپىغا چۈشىدۇ. سۇ بۆلگۈچ چوققىسى شىمالغا يانتۇلانغان بولۇپ، شىمالىي قىسمىدىكى تاغلارنىڭ شەكلى يايسىمان، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلار تۈز.

## ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى

ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى تەڭرىتاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئىلى ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە. ئاساسلىق تاغ تېزملىرى ئىلى دەرياسى بىلەن قاراشەھەر دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ رېتى بويىچە ئۈيسۈن تاغلىرى، ئابرال تاغلىرى، بىيىك تاغلىرى، نارات تاغلىرى، سارمىن تاغلىرى، ئالغۇي تاغلىرى، چۆل تاغ قاتارلىقلار بار. بۇ تاغلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە، ئوخشاش بولمىغان تاغ تېزملىرىنىڭ يۆنىلىشى پەرقلىنىدۇ. غەربىي جەنۇب ـ شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدىكى تاغلار بىرقەدەر كۆپ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 900 كىلومېتىر، كەڭلىكى 60~80 كىلومېتىر بولۇپ، ئەڭ كەڭ جايلىرى 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئوتتۇرا تەڭرىتاغ بىلەن شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تاغ ئارا ئويمانلىقلار ۋە ۋادىلار ئايرىپ تۇرىدۇ. ئىلى دەرياسى ئويمانلىقى، قاش دەريا ۋادىسى، كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقى ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرى بىلەن شىمالىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ چېگراسى ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇل كۈرە ئويمانلىقى، چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى ۋە قاراشەھەر ئويمانلىقى ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرى بىلەن

جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ چېگراسىدۇر. تاغلىرى شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىدىن پەسرەك بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2000~3000 مېتىر كېلىدۇ؛ ئەڭ ئاساسلىق چوققىلىرى 3500 ~ 4500 مېتىر، سارىمىن تاغلىرىنىڭ ئاساسىي چوققىسى 4589 مېتىر كېلىدۇ، غەربتىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە كىلىماتى بىرقەدەر نەم .

## ئابرال تاغلىرى

ئابرال تاغلىرى ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى، ئىلى ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شىمالدا قاش دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق پولكىنۇر تاغلىرى ۋە ئىرەنقابىرغا تاغلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا كۆنەس دەريا ۋادىسى ئارقىلىق نارات تاغلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ غەربتە قاش دەرياسى بىلەن ئاچال دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدىكى دۆڭ مازاردىن باشلىنىپ، شەرقتە ئېرەنقابىرغا تاغلىرى بىلەن كېسىشىدۇ .ئاساسەن شەرق غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20~40 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 8000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىرى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ. غەربىي بۆلىكى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىر، ئوتتۇرا بۆلىكى تېخىمۇ پەسىيىپ ئىگەرسىمان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن .شەرقىي بۆلىكى تەدرىجىي ئېگىزلەپ بارىدۇ. ئاساسلىق چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى3996 مېتىر كېلىدۇ. تاغ گەۋدىسى قاش دەرياسى بىلەن كۆنەس دەرياسى ئارىلىقىدىكى سۇ بۆلگۈچتۇر .

## يالقۇنتاغ

يالقۇن تاغ تۇرپان تەۋەلىكىگە جايلاشقان. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربتە شاپتۇللۇقتىن باشلىنىپ، شەرقتە ئاق تېرەك جىلغىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، غەربىي جەنۇبىي ئايدىڭ كۆل، شەرقىي جەنۇبىي قۇم تاغ، شىمالىي قىسمى بوغدا تاغلىرىنىڭ تاغ ئالدى يانتۇ تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 9010~8910، شىمالىي كەڭلىك 435~ 425 دائىرىسىدە. غەربىي شىمال ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە .ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىۋادرات كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 ~ 8 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 600 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ شەكلى تار ھەم ئۇزۇن، ئوتتۇرا بۆلىكى بىرقەدەر كەڭ، شەرق، غەرب ئىككى ئۇچى پاكار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 300 ~ 500 مېتىرچە كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىدە بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 851 مېتىركېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى شائىرى سېنشىن: «يانار تاغدا چىغتام دېگەن تۇرار مەزمۇت قىياپەتتە، بەشىنچى ئايدىلا چىقارئىكەن يالقۇنى كۆككە. تاغ ـ ئېدىرمۇ چۆمۈپتۇ ئوتقا، كەتمەپتۇ ئىس تۈتەك تارقاپ، ئۇچارقۇش يېقىن كېلەلمەي تۇرارىكەن مىڭ چاقىرىم چەتتە» دەپ يازغان. «غەربكەساياھەت» رومانىدا راھىب شۈەنزاڭنىڭ نوم ئەكىلىش سەپىرىدە بۇتاغدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرى

جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم

ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن
موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىدە
. شىمالدا موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى، چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى،
قاراشەھەر ئويمانلىقى ئارقىلىق ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرى بىلەن
قارىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي تارىم ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. ئاساسەن
شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە ئوتتۇرا بۆلىكى بىلەن شەرقىي بۆلىكى
شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇ تەڭرى تاغلىرىنىڭ
جەنۇبىي تىزمىسى بىلەن خالىق تاغ، كۆك تىكەن تاغلىرى،
خورا تاغلىرى، قۇرۇق تاغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
تاغلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ، ئوتتۇرا قىسمى غەربكە
قىسايغان تۆمۈر چوققىسى رايونلىرىدىن ئىبارەت غايەت
زور تاغ ئومۇرتقىسىنى ھاسىل قىلغان. تۆمۈر چوققىسىنىڭ
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى7435 مېتىر بولۇپ، تەڭرىتاغ تاغ
سىستېمىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. خانتەڭرى
چوققىسى 6995 مېتىر كېلىدۇ. بۇ بەلباغدا دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىلىرىدىن 20
نەچچىسى، يىغىلىۋالغان مۇزلۇقلاردىن 421 بولۇپ، كۆلىمى 2804
كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تەڭرىتاغ مۇزلۇقلىرى ئومۇمىي
كۆلىمىنىڭ 29%نى ئىگىلەيدۇ. خانتەڭرى چوققىسىنىڭ غەربىي
جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇ غەربىي جەنۇب ـ شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ دۆلەت
چېگرىسىنى بويلاپ، سوزۇلغان تاغ ئومۇرتقا لىنىيىسىنىڭ دېڭىز
يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4000 ~ 5000 مېتىر كېلىدۇ.
خانتەڭرى چوققىسىنىڭ شەرقىدىكى خالىق تاغ، كۆك تېكە
تاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى4000 مېتىردىن ئاشىدۇ
. خالىق تاغنىڭ ئاساسلىق چوققىسى بولغان قار لەيلىسى
چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6627 مېتىر كېلىدۇ.

## تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي تېزمىسى

جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىدىكى خانتەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تېزمىسى دېيىلىدۇ .ئۇ جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تېزمىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر .قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. ئۇ غەربتىن شەرققە قاراپ ئالاي تاغلىرى، كۆكتون تاغ، مەيدان تاغ، كۆكشاغىل تاغلىرى ۋە جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ تاغ ئالدى تاغ تېزمىلىرىدىكى قارا تېرەك(قاراتېكە) تاغلىرى، قاراتاغ، كەلپىن تاغلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي قىسمى خىنتاي ـ قىرغىزىستان چېگراسى بىلەن، جەنۇبىي قىسمى قىزىلسۇ دەرياسى ئارقىلىق غەربىي قاراقۇرۇم تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي قىسمى غەربكە سوزۇلغان قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى ئالاي تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتى بىلەن قوشنا، شەرقىي ـ شىمالىي قىسمى قۇم ئېرىق دەرياسى ئارقىلىق تۆمۈر تاغلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. غەربىي جەنۇب ـ شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 520 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50~160 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 60 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي قىسمى خىنتاي قىرغىزىستان چېگرا لىنيەسىدۇر. ئۇنىڭدىكى سۇ بۆلگۈچ چوققىلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 ~ 5000مېتىر. ئەڭ ئېگىز چوققىسى كۆشاغىل تاغلىرىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5842 مېتىركېلىدۇ .تاغ تېزمىسى ئاساسەن غەربىي جەنۇب ـ شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدىكى بىر قانچە تاغلاردىن تەركىب تاپقان، تاغ ئارىلىرى ئوخشاش يۆنىلىشتىكى توشقان دەرياۋادىسى، قاراجۇل ۋادىسى، كەلپىن ۋادىلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

## پامىر ئېگىزلىكى

پامىر ئېگىزلىكى ئاسىيانىڭ ئوتتۇراقىسمىدىكى ئېگىزلىك. قەدىمكى زاماندىكى كۆك تاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ بىر قىسمى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى، تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسىملىرىغا يېيىلغان بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغى، كوئېنلۇن تېغى، ھىندىقۇش تېغى ۋە تەڭرىتاغلىرى تۇتاشقان غايەت زور تاغ تۈگۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تاغ گەۋدىسى ئېگىز، ئوتتۇرۇچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4500 مېتىردىن يۇقىرى، ئادەتتىكى تاغ چوققىلىرى 5000 ~ 5500 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدۇ .غەربىي قىسمىدىكى ئاساسلىق چوققا بولغان كوممۇنىزىم چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7495 مېتىر، لېنىن چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7134 مېتىر. ئېگىزلىكنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ پەرقى روشەن. غەربىي پامىرنىڭ مۇتلەق ئېگىزلىكى بىلەن نىسپىي ئېگىزلىكلىرىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ؛ پاراللېل ۋە مېردىيانلىرىنىڭ يۆنىلىشىدىكى تاغ تىزمىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، يەر شەكلى مۇرەككەپ بولۇپ، ئېگىز تاغ ئېگىزلىكى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەريا تورلىرى ناھايىتى زىچ، جىلغىلارنىڭ كېسىلىشى چوڭقۇر، تەكشىلەنگەن يۈزلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىر. پامىر ئېگىزلىكنىڭ مۇتلەق ئېگىزلىكى بىرقەدەر پەس، نىسپىي ئېگىزلىكمۇ بىرقەدەر پەس، ئېگىزلىك ئالاھىدىلىكى روشەن، ۋادىلىرى كەڭ .ئېگىزلىكتە مۇزلۇقلار كەڭ تارقالغان بولۇپ، 1085 مۇزلۇق بار، مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 8041 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن بولغان فېدچېك مۇزلۇقى 77

كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مۇزلۇق كۆللەر كۆپ، ئەڭ چوڭ بولغان قارا كۆلنىڭ كۆلىمى 383 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى236 مېتىر .

خىتتاي چېگراسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى بولسا ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى بولۇپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قەشقەرۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. ئۇ شەرقتە مۇجى ۋادىسى بىلەن تاشقۇرغان ۋادىسىنى چېگرا قىلىدۇ، غەربتە كوئىنلۇن تاغلىرى بىلەن قوشىنا، جەنۇبتا قارا قۇرۇم تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي قىسمى غەربىي شىمال-شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، جەنۇبىي قىسمى غەربىي شىمال-شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 260 كىلومېتىر،كەڭلىكى 100~50 كىلومېتىر بولۇپ، ئېگىزلىك تاغلىقى بىلەن ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تاغلىقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 5500 ~ 5000 مېتىر، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 ~ 3500 مېتىر بولۇپ، قىسمەن بۆلەكلىرى پەسسىيىپ 3200 مېتىرغا چۈشىدۇ.

## قاراقۇرۇم تاغلىرى

قارقۇرۇم تاغلىرى تۈركچە «قارا تاشلىق» دېگەن مەنىدە، ئۇيغۇرچە «ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغ »دېگەن مەنىدە. قاراقۇرۇم تاغلىرى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە كەشمىرنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرققە سوزۇلۇپ شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ بارىدۇ. غەربىي شىمال-شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 500

كىلومېتىردىن ئارتۇق، كەڭلىكى 150~ 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي شىمالدا ئاساسەن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋادىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئاساسەن هىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋادىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ، غەربىي شىمال بۆلىكى پامىر ئېگىزلىكى ۋە هىندى قۇش تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب بۆلىكى خىتتاينىڭ شىزاڭ تەۋەلىكىگە سوزۇلىدۇ. بۇ چىڭخەي شىزاڭ ئېگىزلىكى 6000 مېتىر كېلىدۇ، 7000 مېتىردىن يۇقىرى تاغ چوققىسىدىن25 ى، 8000 مېتىردىن يۇقىرى تاغ چوققىسىدىن تۆتى بار. ئاساسىي چوققىسى بولغان چوگىر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا هېسابلىنىدۇ. ئېگىز چوققىلار تۇتىشىپ كەڭ كۆلەمدىكى مۇزلۇق رايونلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 17 مىڭ 800 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي يان باغرىدىكى نوبۇر ۋادىسىغا جايلاشقان سىياچىن مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. پەلەمپەيسىمان يەرشەكلى روشەن، شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى بولسا ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدۇر. ئۇ ئاساسەن يەكەن دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى رايونى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىگە سوزۇلغان، غەربىي شىمال ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 90 ~ 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 6000 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5300 مېتىر كېلىدۇ. چوگىر چوققىسى قاتارلىق چوققا رايونلىرىنى مەنبە قىلغان مۇزلۇقلار تارىم دەريالىرىنىڭ مۇهىم مەنبەسى، شۇنداقلا بۇ خىتتاي تەۋەلىكىدىكى بىز بىلىدىغان ئەڭ ئۇزۇن هازىرقى زامان مۇزلۇقى هېسابلىنىدۇ.

## كوئىنلۇن تاغ سىستېمىسى

كوئىنلۇن تېغى سىستېمىسى غەربتە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان، شىنزاڭلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقىي قىسمى چىڭخەي تەۋەلىكىگىچە سوزۇلىدۇ. يۆنىلىشى غەربىي شىمال ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىن بۇرۇلۇپ، شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىگە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن2500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250~ 100كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 103 ~ 74 ئارىلىقىدا .غەربىي بۆلىكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن شىمالىي شىنزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ پاسىل تېغى ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمال ئۇچى قىزىلسۇ دەرياسى ئارقىلىق تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تېزمىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇدۇ. غەربىي كوئىنلۇن تاغلىرى كۆنگەي تاغدىن چوڭمۇز تاغقا قەدەر تەخمىنەن 900 كىلومېتىرغا سوزۇلىدۇ. ئوتتۇرا كوئىنلۇن تاغلىرى چوڭ مۇز تاغدىن مۇز تاغ چوققىسىنىڭ شەرقىگىچە سوزۇلۇپ، چىڭخەي شىنزاڭ تاش يولىنى بېسىپ ئۆتىدىغان تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە ئۈچ تارماققا بۆلىنىدۇ : شىمالىي تارمىقى چىمەن تاغ، ئوتتۇرا تارمىقى ئارغۇ تاغ، جەنۇبىي تارمىقى كۆك يېشىل تاغلىرىدىن ئىبارەت؛ ئۇ يەنە داۋاملىق شەرققە سوزۇلۇپ شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا تارماقنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى بورھان بۇددا تاغلىرى ۋە ئانىماچىن تاغلىرىدۇر. جەنۇبىي تارماقنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى بايانقار تاغلىرى بولۇپ، سىچۈەن چېگراسىدىكى مىنشەن چيۇڭلەيشەن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ پۈتۈن كوئىنلۇن

تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونى بولۇپ، ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 91 ~ 74 دائىرىسىدە، تاغ گەۋدىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇ جەنۇبقا تومپىيىپ چىققان ياي شەكىللىك تاغ سىستېمىسى بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ غەربىي كۇئىنلۇن تاغلىرى، ئوتتۇرا كۇئىنلۇن تاغلىرى ۋە شەرقىي كۇئىنلۇن تاغلىرىغا بۆلىنىدۇ. شىمالىي يان باغرى تارىم ئويمانلىقىغا يۆلەنگەن. تاغ گەۋدىسى ھەيۋەتلىك، چوققىلىرى تىك، تار جىلغىلار كەڭ تارقالغان : جەنۇبىي يانباغرى قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ، تاغلىرى پەسىيىپ بارىدۇ. تاغ ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئوتتۇرۇچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6500 مېتىرغا يېتىدۇ، ئازساندىكى تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 7546 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇزچوققىسى 6638 مېتىر، چوڭ مۇزتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6942 مېتىرغا يېتىدۇ؛ شەرقىي قىسمىدىكى مۇز تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6973مېتىركېلىدۇ. كۇئىنلۇن تاغلىرى ئاسىيادىكى ئەڭ قۇرغاق ئەڭ ئېگىز تاغ رايونلىرىنىڭ بىرى .

# تاغ چوققىلىرى

## تۆمۈر چوققىسى

تۆمۈر چوققىسى تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا .دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر بولۇپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ئۇ (خانتەڭرى چوققىسى 6995) مېتىر قاتارلىق 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان 40 تىن ئارتۇق تاغ چوققىسى بىلەن بىرلىكتە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ تۈگۈنىنى ھاسىل قىلغان. جۇغراپىيىلىك كوردىناتى : شىمالىي كەڭلىك 4202، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80.07 ئورنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيەسى تەۋەلىكىدە .تۆمۈر چوققىسى رايونىدا شەرقىي تۈركىستان تەۋەلىكىگە مەنسۇپ بولغان جەمئىي 509 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 2746.23 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ چوققا سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

## خانتەڭرى

خانتەڭرى تەڭرىتاغ شاھى دېگەن مەنىدە .خانتەڭرى چوققىسى جەنۇبىي تەڭرىتاغ تۈگۈنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6995 مېتىر، ئورنى خىنتاي بىلەن قىرغىزىستان چېگراسىدا .جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 801032، شىمالىي كەڭلىك 42128 . چوققىنىڭ جەنۇب تەرىپى تۆمۈر چوققىسى بىلەن مەنبەداش (تۆمۈر چوققىسىنى ئاساس قىلىدۇ) بولغان خانتەڭرى مۇزلۇقلىرى بولۇپ (يۇقىرى ئېقىنى خىنتاي تەۋەلىكىدە، تۆۋەن

ئېقىنى قىرغىزىستان تەۋەلىكىدە) ئۇزۇنلۇقى 61.1 كىلومېتىر، كۆلىمى544.29 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ .بۇ تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە مۇزلۇقلار ئەڭ مەركەزلەشكەن، مۇزلۇق كۆلىمى ئەڭ كەڭ بولغان رايوندۇر.

## مۇز تاغ چوققىسى

مۇز تاغ چوققىسى غەربىي كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان، بۇ يەردىكى تاغلار مۇز تاغ ئاتا تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي تارمىقى كۈنگەي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، قوڭۇر تاغلىرى، مۇز تاغ، تاشقورغان تاغلىرى ھەمدە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تاش قوزۇق تاغلىرى، ئوغۇز تاغلىرى قاتارلىق تاغلار بىلەن تۇتىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىپ، غەربىي شىمال ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. جۇغراپىيەلىك كوردېناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 750756، شىمالىي كەڭلىك 381541 بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7456 مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ چوققا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، خىتتاي ۋە چەت ئەللەرگە رەسمىي ئېچۋېتىلدى.

## چۆگىر چوققىسى

چۆگىر چوققىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئاساسلىق تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە، خىتتاي ـ پاكىستان چېگرا لىنىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا. چوگىر چوققىسى دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا بولۇپ،

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيەلىك كوردېناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 763630 شىمالىي كەڭلىك 355331 هازىر خىتتاي ۋە چەت ئەللەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى ئويمانلىقلار

## تارىم ئويمانلىقى

تارىم ئويمانلىقى ئالاھىدە چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، شىمال تەرىپى تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى، غەرب تەرىپى پامىر ئېگىزلىكى ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكى، جەنۇب تەرىپى كوئېنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغ، شەرق تەرىپى شىمالىي تاغنىڭ پەس تاغ ئېدىرلىقلىرى ۋە قۇم تاغدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئالغاندا، شىمالىي كەڭلىك 37 ~ 42 شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76 ~ 89 ئارىلىقىغا يېيىلغان. ئويمانلىقتا بايىنغولىن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق بەش ۋىلايەت ئوبلاست بار. ئويمانلىق تەرتىپسىز رومبا شەكلىدە، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 520 كىلومېتىر ئەتراپىدا، كۆلىمى 530 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 31.9%نى ئىگىلەيدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەرشەكلى غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس بولۇپ شىمالغا يانتۇلىشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 800 ~ 1400 مېتىر ئارىلىقىدا ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 780 مېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقتا غەربتىكى مازارتېغى،

خامتاغ ھەمدە مارالبېشى ئەتراپىدىكى ئۆلجىنىس قالدۇق ئېدىرلىقلاردىن باشقا ھەممىلا يېرى ئېقىن سۇلۇق يەر شەكلى ۋە قۇم دۆۋىلەنمىلىرى يەرشەكلىدىن ئىبارەت. تەڭرىتاغ، پامىر، كوئىنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى قاتارلىق تاغلارنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ئويمانلىقلىرىنىڭ چەتلىرىدە نۇرغۇن دېلتىلارنى شەكىللەندۈرگەن. خوتەن دەرياسى، قىزىلسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىق دەريالار تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئېقىندى تۈزلەڭلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن، بولۇپمۇ ئويمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئېقىندى تۈزلەڭلىكنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 130 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ .ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن بوستانلىقلار تارقالغان .تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنىڭ ئىككى قېتىدا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇقى تەكلىماكان قۇملۇقى بار. ئۇنىڭ كۆلىمى 337 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى ئومۇمىي يەركۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 63.7% نى ئىگىلەيدۇ، ئويمانلىقتا كان مەھسۇلاتلىرى مول، نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى نېفىت، تەبىئىي گازلىقلار بايقالدى ھەمدە ئېچىلىۋاتىدۇ. بۇ جاي مۇھىم نېفىت، تەبىئىي گاز زاپاس بازىسى ھېسابلىنىدۇ .

## جۇڭغار ئويمانلىقى

جۇڭغار ئويمانلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، تەڭرى تاغلىرى ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگراسى، شىمالدا ئالتاي تاغلىرى، غەربتە جۇڭغار غەربىي قىسىم تاغلىرى، شەرقتە

بەيتىك تاغلىرى بار. ئومۇمەن ئالغاندا، شىمالىي كەڭلىك 44 ~ 47 شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 ~ 90 ئارىلىقىدا. پۈتكۈل ئويمانلىق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، تۆۋەندىكى چېتى جەنۇبتا شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىردىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئەڭ كەڭ جايى 450 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 180 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ .ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبقا يانتۇلاشقان بولۇپ، شىمالىي قىسمى جەنۇبىي قىسمىدىن ئېگىزرەك، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 500 مېتىر، شىمالىي قىسمى بىلەن شەرقىي قىسمىنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى 700 مېتىر ئەتراپىدا. ئەڭ پەس جايى غەربىي جەنۇبىدىكى ئېبىنۇر كۆلى ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 189 مېتىرلا كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ مەركىزى قىسمىنى تۇراقلىق، يېرىم تۇراقلىق قۇم بارخانلىرىنى ئاساس قىلغان قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى ئىگىلەيدۇ. پۈتكۈل ئويمانلىق ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، شىمالىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمى تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا قىسمى قۇملۇق. ئويمانلىقنىڭ چەتلىرىگە نۇرغۇن بوستانلىقلار جايلاشقان، ئاساسلىقلىرىدىن ئۈرۈمچى ـ ۋۇجياچۈ بوستانلىقى، شىخەنزە ماناس بوستانلىقى، كۇيتۇن ـ چىپەيزە بوستانلىقى قاتارلىقلار بار. بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىش رايونى، شۇنىڭدەك خىتتاي بويىچە 4 ـ چوڭ نېفىتلىكتۇر.

## تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى

تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى خىتتايىنىڭ تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى ئىچىدىكى ئورنى پەس بولغان چوڭ تاغ ئارىسى

ئويمانلىقى. ئۇ شىمالىي تەڭرى تاغلىرى بىلەن ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان، لياۋدۇن ئېدىرلىقىنى چېگرا قىلىپ، غەربىي قىسمىنى تۇرپان ئويمانلىقى، شەرقىي قىسمىنى قۇمۇل ئويمانلىقى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى غەربتە ئېۋىرغول ئەتراپىدىن باشلىنىپ، شەرقتە لياۋدۇن ئېدىرلىقىغىچە سوزۇلىدۇ. شىمالدا بوغدا تاغلىرى بىلەن، جەنۇبتا چۆل تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتىردىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئەڭ كەڭ يېرى 75 كىلومېتىر. يەر كۆلىمى تەخمىنەن 18 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس جايى دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن بولغان ئايدىڭكۆل ئويمانلىقى بولۇپ، بۇ جاي خىتتاي چوڭقۇرۇقلۇقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ پەس جاي، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئىئوردانىيەدىكى ئۆلۈك دېڭىز(دېڭىز يۈزىدىن 392 مېتىر پەس) بىلەن تايىال كۆلى(دېڭىز يۈزىدىن 212 مېتىر پەس)دىن قالسىلا 3 ـ ئورۇندا تۇرۇدىغان پەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا بۇلاردىن باشقا يەنە، باركۆل ئويمانلىقى، كۆك توقاي ئويمانلىقى، سايرام كۆلى ئويمانلىقى، تارباغاتاي ئويمانلىقى، ئىلى ئويمانلىقى، يۇلتۇز ئويمانلىقى، داۋانچىڭ سەيۋوپۇ ئويمانلىقى، سەنتاڭخۇ ـ نوم كۆلى ئويمانلىقى، قارا شەھەر ئويمانلىقى، باي ئويمانلىقى، مۇچى ئويمانلىقى، ئاقسايچىن ئويمانلىقى، قۇمكۆل ئويمانلىقى قاتارلىق ئويمانلىقلار بار.

باركۆل ئويمانلىقى شىمالىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى مەچىنئۇلا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي، باركۆل تاغلىرى

بىلەن قارلىق تاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

كۆك توقاي ئويمانلىقى ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆتىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن كىچىكرەك تاغ ئارىسى ئۈزۈك ئويمانلىق ھېسابلىنىدۇ.

**تارباغاتاي ئويمانلىقى** ـــــ جۇڭغارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تارباغاتاي، ئورقاشار تاغلىرى(شىمالدا) بىلەن بالىق تاغلىرى(جەنۇبىدا) ئارىلىقىغا جايلاشقان .

**سايرام كۆلى ئويمانلىقى** ـــــ موڭغۇلچە تاغ ئومۇرتقىسىدىكى كۆل دېگەن مەنىدە، ئويمانلىقنىڭ نامى سايرام كۆلنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ ئويمانلىق شىمالىي تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكى بولغان كوگورچىن تاغلىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يېپىق ھالەتتىكى ئېگىزتاغ ئارىسى ئويمانلىقىدىن ئىبارەت .

**ئىلى ئويمانلىقى** ـــــ شەرقىي تۈركىستان تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا، شىمالىي تەڭرى تاغلىرىدىكى پولكىنۇر تاغلىرى بىلەن ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرىدىكى ئۈيسۈن تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان .

**يۇلتۇز ئويمانلىقى** ـــــ ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. ئېرەنقابىرغا تاغلىرى بىلەن ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرىدىكى سارمىن تېغى ئارىلىقىغا قىسىلغان شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدىكى تار ھەم كىچىك ئويمانلىق .

## داۋانچىڭ

سەيۋوپۇ ئويمانلىقى شىمالىي تەڭرى تاغلىرىدىكى بوغدا تېغى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئوتتۇراھال ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسى ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىقتىن ئىبارەت .

**سەنتاڭخۇ نوم كۆلى ئويمانلىقى** —— ئاراتۈرك ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، مەچىنئۇلا تاغلىرى ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگراسى ھېسابلىنىدۇ.

قاراشەھەر ئويمانلىقى ئوتتۇرا تەڭرى تاغلىرىدىكى بورتوئۇلا تېغى بىلەن جەنۇبىي تەڭرى تاغلىرىدىكى قۇرۇق تاغ ئارىلىقىغا جايلاشقان.

**باي ئويمانلىقى** —— چوڭ تىپتىكى سىنكلىناللىق ئويمانلىق بولۇپ، شىمال تەرىپىدە قارلىق تاغ، جەنۇب تەرىپىدە چۆل تاغ بار.

**مۇجى ئويمانلىقى** —— كۇئىنلۇن تاغلىرى ئىچىدىكى كۆنگەي تېغى بىلەن پامىر ئېگىزلىكى ئارىلىقىغا جايلاشقان ئېگىزلىكتىكى كىچىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقى.

**ئاق سايچىن ئويمانلىقى** —— كۇئىنلۇن تاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە.

**قۇمكۆل** ئويمانلىقى —— كۇئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، چىمەنتاغ، ئارقا تاغ قاتارلىق

تاغلار ئارىلىقىدىكى يېپىق ھالەتتىكى ئېگىزلىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقى.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى قۇملۇق ۋە چۆللۈكلەر

## تەكلىماكان قۇملۇقى

تەكلىماكان قۇملۇقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭقۇملۇق، شۇنداقلا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى رۇب ئەلخارى قۇملۇقىدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئاساس قىلىپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇققۇملۇقى، چەرچەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياقا تاغ قۇملۇقىنى ھەمدە قەشقەر دېلتىسىدىكى بوغۇل قۇملۇقى ۋە توغراق قۇملۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۈل قۇملۇقنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1070 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 410 كىلومېتىر، كۆلىمى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت قۇملۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 47.4% نى،



تارىم ئويمانلىقى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 67.3% نى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 840 ~ 1200 مېتىر كېلىدۇ. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، قۇم بوران كۆپ، جەنۇبىي چەتلىرىنىڭ يىللىق قۇم بورانلىق كۈنى 100 كۈندىن ئېشىپ كېتىدۇ. قۇملۇقتىكى كۆچمە قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆلىمى ئومۇمىي قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 85% نى ئىگىلەيدۇ. دەريا بويلىرى ۋە غەربىي مازار تاغ رۇس تېغى ۋە شىمالىي نىيە تۈرىدىكىلەردىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى سىرتتىن ئىچكىرىسىگە قاراپ تەدرىجىي ئېگىزلەپ بارىدۇ. نىسپىي ئېگىزلىكى ئومۇمەن 100 ~ 200 مېتىر، ئەڭ ئېگىز جايلىرى 300 مېتىرغا يېتىدۇ. قۇم بارخانلىرىنىڭ تىپى ئون نەچچە خىل بولۇپ، مۇرەككەپ تىپلىق بويلىما قۇم قىرلىرى بىلەن ھىلال ئاي سىمان بارخان زەنجىرلىرىنى ئاساسىقلىدۇ .كېرىيە، نىيە ئارىلىقىدا يەنە پىرامىدا شەكىللىك قۇم بارخانلىرىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئاساسلىق شامال يۆنىلىشى كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىدە شەرقىي شىمال شامىلى، غەربىدە غەربىي شىمال شامىلى بولۇپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆچۈش يۆنىلىشى شامال يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كېرىيە، نىيە ئەتراپلىرى كۆپ خىل شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىشىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ. قۇملۇقتا قۇم بورىنى چىقىدىغان كۈن يىلىغا 30 كۈندىن، چاڭ توزانلىق ھاۋارايى يىلىغا 150 كۈندىن ئارتۇق بولىدۇ. قۇملۇقنىڭ چەت رايونلىرىنىڭ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 60 ~ 80 مىللىمېتىر. قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىكى ھاۋارايىنى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، قۇملۇقنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ياز پەسلى ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغىدۇ. مەنشى پونكىتى(شىمالىي كەڭلىك 4006، شەرقىي

ئۈزۈنلـۈق 8306 قاجايلاشـقان)نىڭ يىللىـق ھـۆل يېغىـن مىقدارى 26.4 مىللىمېتـر كېلىـدۇ. يېقىنقـى ئـون نەچچـە يىلدىـن بۇيـان، تەكلىمـاكان قۇملۇقىنـىڭ شـىمالىي چېتـى ۋە ئوتتـۇرا قىسـىمدا نۇرغـۇن چـوڭ تىپتىكـى نېفىـت، تەبىئـىي گازلىقـلار بايقالـدى؛ تارىمنىـڭ شـىمالىدىكى بۇگـۇردىـن تارىمنىـڭ جەنۇبىدىكـى نىيـە ناھىيەسـىگىچە ئومۇمـىي ئۇزۇنلۇقـى522 كىلومېتـر كېلىدىغـان، دۇنيـا بويىچـە بىرىنچـى قۇملـۇق تاشـيولى ياسـالدى .

## قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى

قۇربـان تۇڭغـۇت قۇملۇقـى خىتتايدىكـى ئىككىنچـى چـوڭ قۇملـۇق. جۇڭغـار ئويمانلىقىنـىڭ ئوتتۇرۇسـىغا جايلاشـقان. قۇملـۇق تارقالغـان رايونلارنىـڭ دېڭىـز يۈزىدىـن ئېگىزلىكـى 300 ~ 600 مېتـر، كۆلىمـى 48 مىـڭ 800 كـۋادرات كىلومېتـر كېلىـدۇ. بـۇ قۇملـۇق ئاساسـەن تـۆت پارچـە قۇملۇقتىـن تەشـكىل تاپقـان يەنـى شـەرقىي قىسـمىدىكى خوجىـن ئېلىسـىن قۇملۇقـى، ئوتتـۇرا قىسـمىدىكى دېزوسـتىن ئېلىسـىن قۇملۇقـى، غەربىـي قىسـمىدىكى شـوبغوربوك قۇملۇقـى، شـىمالىي قىسـمىدىكى ئـاق قـۇم قۇملۇقىدىـن ئىبـارەت. قۇملۇقنىـڭ شـىمالىي قىسـمى جەنۇب ـ شـىمال يۆنىلىشـىدىكى شاخسـىمان قۇمقىرلىـرى، جەنۇبىـي قىسـمى ھـەرە كۆنىكسـىمان مۇرەككـەپ قـۇم قىرلىـرى تارقالغـان. قـۇم بارخانلىرىنىـڭ ئېگىزلىكـى ئومۇمـەن 50 مېتىردىـن تـۆۋەن، قۇملۇقنىـڭ ئوتتـۇرا قىسـمى ھەمـدە ئـۆچ بۇلاقنىـڭ جەنۇبىـي قىسـمىدىكى قـۇم بارخانلىرىنىـڭ ئېگىزلىكـى 50 مېتىردىن ئاشـىدۇ. ئايرىملىرىنىـڭ تۇراقلىـق ۋە يېرىـم تۇراقلىـق بولـۇپ، كۆلىمـى پۈتكـۈل قۇملـۇق كۆلىمىنىـڭ 97%ىنـى ئىگىلەيـدۇ. بـۇ خىتتـاي بويىچـە ئـەڭ چـوڭ تۇراقلىـق ھـەم يېرىـم تۇراقلىـق قۇملۇقتـۇر.

تۇراقلىق قۇم بارخانلىرى رايونىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 15% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن سۆك ـ سۆك، يۇلغۇن ۋە سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. قۇملۇق رايونلىرىدا نۇرغۇن چوڭ نېفىتلىك ۋە تەبىئىي گازلىقلار بايقالدى؛ شەرقىي جۇڭغار نېفىت تەبىئىي گازلىقى ئېچىپ پايدىلىنىلماقتا.

## قۇم تاغ قۇملۇقى

قۇم تاغ قۇملۇقى كۆچمە قۇملۇق. لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرق تەرىپى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىغا سوزۇلغان. بۇقۇملۇق دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 1200 مېتىر كېلىدىغان تاشلىق تاغلىقنىڭ قىيپاش يان باغرىنى ۋە قەدىمكى يەلپۈگۈچ سىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىرىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان بولۇپ، كۆلىمى 22 مىڭ 800 كۋادراتكىلومېتىر كېلىدۇ. قۇملۇق جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە تاغ باغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا سوزۇلۇپ ئومۇمەن، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىر ئۆپ چۆرىسىگىچە بولغان جايلارغا يېتىپ بارغان. قۇم قىرلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى پاكار تۆپىلىكلەر بىلەن بۆلۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئالاھىدە پەيسىمان قۇم بارخانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئومۇمەن 16 ~ 20 مېتىركېلىدۇ. قۇم تاغ بەلبېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى250 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇم قىرلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ~ 70 كىلومېتىر، قۇم قىرلىرى ئارىلىقىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئېتەكلىرىنى بويلاپ تارقالغان بۇلاقلاردىن بىر

قانچــە پارچــە ســازلىق شــەكىللەنگەن. قۇملۇقنىــڭ شــىمالىي قىســمىنىڭ چېتــى تارىختىكــى «يىپــەك يولــى» نىــڭ جەنۇبىــي بۆلىكــى بولــۇپ، خېلــى بۇرۇنــلا تاشــلىنىپ كەتكــەن.

شــەرقىي تۈركىســتاندا بۇنىڭدىــن باشــقا يەنــە شــىخۇ قۇملۇقــى، بــۇرۇل توقــاي قۇملۇقــى، بۇرچىــن ـ قابــا ـ جىمىنــەي قۇملۇقــى، قاراشــەھەر ئويمانلىقــى ئــاق بــەل قۇمقۇملۇقــى، كوئىنلــۇن قۇمكــۆل قۇملۇقــى قاتارلىــق قۇملۇقــلار بــار.

**شىخۇ قۇملۇقى** ـــــــ تەڭرى تاغلىرىدىــن ئېقىــپ كېلىدىغــان گورتــۇ دەرياســى بىلــەن كۈيتــۇن دەرياســى ئارىلىقىغــا، ئېبىنــۇر كۆلــى ئويمانلىقىنىــڭ شــەرقىي جەنــۇب قىســمىغا جايلاشــقان.

**بۇرۇلتوقاي قۇملۇقى** ـــــــ بۇرۇلتوقاي ناھىيەســى تەۋەلىكىدىكى ئۇلۇنگــۇر كۆلــى ئويمانلىقىغا جايلاشــقان.

**بۇرچىن ـ قابا ـ جىمىنەي قۇملۇقى** ـــــ جۇڭغــار ئويمانلىقىنىڭ غەربىــي شــىمال بۇرجىكىگــە، ســاۋۇر تېغــى بىلــەن ئالتــاي تاغلىــرى ئارىســىغا جايلاشــقان.

**قارا شەھەر ئويمانلىقى ئاق بەلقۇم قۇملۇقى** ـــــ قــارا شــەھەر ئويمانلىقىدىكــى باغــراش كۆلىنىــڭ جەنۇبىــي ۋە شــەرقىي قىرغاقلىرىغــا ئــاق بەلقــۇم قۇملۇقــى بىلــەن مارتازىنىــڭ قۇمقۇملۇقــى تارقالغــان.

كوئىنلــۇن قۇملۇقــى كوئىنلــۇن قۇمكــۆل ئويمانلىقىنىــڭ ئوتتــۇرا قىســمىغا جايلاشــقان بولــۇپ، ئــۇ شــەرقىي تۈركىســتاندىكى دېڭىــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى ئەڭ يۇقىــرى قۇملــۇق شــۇنداقلا دۇنيــا بويىچــە نۆۋەتتــە بايقالغــان دېڭىــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى ئەڭ يۇقىــرى قۇملــۇق ھېســابلىنىدۇ.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى چۆللۈكلەر

## تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى چۆللۈكلەر

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ، پامىر، كوئېنلۇن، ئالتۇن تاغ قاتارلىق تاغلارنىڭ تاغ ئېتەك بەلۋاغلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئېقىنسۇ چۆكۈندىلىرى ۋە كەلكۈن چۆكۈندىلىرىدىن ھاسىل بولغان نۇرغۇن چوڭ-كىچىك چۆللۈكلەر بار. ئۇلار ئاساسەن قۇم، شېغىللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 100 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى چۆللۈك بەلۋاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى كۆپىنچە 1200 ~ 1000 مېتىر ئارىلىقىدا. كەلپىن تاغلىرى ۋە چۆل تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى چۆللەرنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، كونا يېڭى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىرى ئاساسەن قۇم-شېغىل ۋە ئۇۋاق تاشلاردىن تەركىب تاپقان. پامىر ئېگىزلىكى ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى چۆللۈك بەل بېغىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ. قىزىلسۇ دەرياسى ھەمدە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ سىرتىدا شېغىل تاشلىق دىلتىلار كەڭ دائىرىدە شەكىللەنگەن. ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە كەڭلىكى 60 ~ 70 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىر كېلىدىغان، پۈتۈنلەي شېغىللىقلاردىن تەركىب تاپقان چۆكۈندى چۆل تۈزلەڭلىكى سوزۇلغان. بۇ يەردە يېپىنچا

ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ بولۇپ، قۇرغاق چۆل تەبئىي لاندشافتىغا كىرىدۇ. چۆللۈكنىڭ ئاياغ تەرىپى بەلباغسىمان ۋە ئارالسىمان بوستانلىقلار ۋە توپىلىق تۈزلەڭلىكلەردىن ئىبارەت.

## جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈكلەر

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئېتەك بەلباغلىرىغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك نۇرغۇن يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن سۇ چۆكۈندىلىرى ۋە كەلكۈن چۆكۈندىلىرى توپى تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن ئۇششاق تاش ۋە قۇم شېغىللاردىن تەركىب تاپقان چۆل بەلبېغىنى شەكىللەندۈرگەن چۆلنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 72 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كۆپىنچىسى پارچە-پارچە چۆللەردىن ئىبارەت .شەرقىي قىسمىدىكى گېنېرال چۆللۈكىنىڭ دائىرىسى كەڭ، يەر يۈزىدە ھەم تۆتىنجى دەۋرنىڭ شېغىل قاتلىمى بار، ھەم يۇرا- بور دەۋرلىرىنىڭ يەر قاتلىمى (قۇمتاش، شېغىل تاش ۋە لاتقا جىنسلار) بار بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل، ئېقىن سۇلارنىڭ قىسقا مۇددەت كېسىشىگە بولۇپمۇ، كۈچلۈك شامالنىڭ ئېرزىيەلىشىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئۇۋاق تاشلىق چۆللۈك شەكىللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن چاسا تاغلىق يەر شەكىللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ساۋۇر تېغى ۋە شىمىتىسەي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى تاشلىق كەلكۈن چۆكۈندە تۈزلەڭلىكىدە كۈچلۈك شامالنىڭ ئىروزىيەلىشى بىلەن كەڭ دائىرىدىكى شامال ئىروزىيەلىگەن يەر شەكلى شەكىللەنگەن بولۇپ، شامال ئىروزىيەلىگەن ئوقۇر، شامال ئىروزىيەلىگەن ئويمان، چاساتاغ قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قاراماي ئەتراپىدىكى كەلكۈن چۆكۈندى شېغىللىق چۆلنىڭ جايلىشىش كۆلىمىمۇ خېلى چوڭ.

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈكلەر

شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈكلەر ئاساسلىقى گاشۇن چۆللۈكى، 13 ئۆي ـ نەنخۇ چۆللۈكى ۋە لاۋيىمياۋ چۆللۈكلىرىدىن ئىبارەت. گاشۇن چۆللۈكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ چۆللۈك بولۇپ، قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا، لوپنۇر كۆلى ـ شۇلېخى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن جىلغىسى لىنىيەسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ جاي ئۇزۇن مۇددەتلىك قۇرغاقلىشىپ يالىنىشتىن شەكىللەنگەن يالىڭاچ تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئۇل جىنىسلار ئېچىلىپ قالغان، يىمىرىلگەن تاغ جىنىس ئۇۋاقلىرى ھەممە يەرگە تارقالغان. بۇ خىتتايدىكى تاشلىق چۆللەرنىڭ تارقىلىشى ئەڭ كەڭ رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 13 ئۆي ـ نەنخۇ چۆللۈكى تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن قۇمۇل ئويمانلىقى ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ رايوندا ئۈچىنچى دەۋرنىڭ قىزىل تاغ جىنىسلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، كەلكۈن چۆكۈندىلىرىنىڭ تارقىلىش كۆلىمىمۇ ناھايىتى كەڭ؛ ۋاقىتلىق سۇ ئېقىنلىرى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك شامالنىڭ ئېروزىيەلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن يەر يۈزى بەكرەك بۇزۇلغان بولۇپ، ناچار يەرشەكلى ھاسىل بولغان. لاۋيىمياۋ چۆللۈكى باركۆل ناھىيەسىنىڭ سەنتاڭخۇ ۋە ئاراتۈرك ناھىيەسىنىڭ نوم كۆلى ئەتراپىدا بولۇپ، موڭغۇلىيە چۆللۈكى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ .ھازىرقى زامان يەر ئۈستى سەل ـ پەل يانتۇلاشقان كەلكۈن چۆكۈندى تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كەلكۈن چۆكۈندى شېغىل قاتلىمى نەچچە مېتىرلا بولۇپ، ئۈچىنچى دەۋر يەر قاتلىمىنى ياپقان، يەر يۈزىدە كەلكۈن چۆكۈندىلىرى ۋە يىمىرىلگەن تاش پارچىلىرى كەڭ تارقالغان.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇزلۇقلار

مۇزلۇقلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇھىم تاتلىق سۇ بايلىقى. مۇزلۇقلار ئېگىز تاغلاردا قاتتىق ھالەتتىكى سۇ ئامبىرلىق رولىنى ئوينايدۇ. دەريالارنىڭ ئېقىن مىقدارىنى تۇراقلاشتۇرۇپ ۋە تەڭشەپ تۇرۇدۇ، ئۇ بوستانلىقلارنى يېتىلدۈرگەن قىممەتلىك سۇ بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇزلۇقلارنىڭ سانى كۆپ، كۆلىمى كەڭ، مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى غەربىي شىمال رايوندىكى مۇزلۇقلارنىڭ 91.4%ىنى، پۈتۈن مەملىكەت مۇزلۇقلىرىنىڭ 44%نى ئىگىلەيدۇ، شىزاڭ (45.4%) دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ئېچكى ئېقىن سۇ سىستېمىسى مۇزلۇقلىرى پۈتۈن مەملىكەت ئېچكى ئېقىن سۇ سىستېمىسى مۇزلۇقلىرىنىڭ 72.3% نى ئىگىلەيدۇ. خىتتايدا كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ مۇزلۇقتىن جەمئىي 26 سى بولۇپ، بۇنىڭ 18 ى شەرقىي تۈركىستاندا. شەرقىي تۈركىستان يەنە دۇنيا بويىچە ئوتتۇرا كەڭلىك بەلبېغىدىكى تاغ مۇزلۇقلىرى ئەڭ كەڭ تارقالغان رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دۇنيا بويىچە ئوتتۇرا تۆۋەن كەڭلىكتىكى كۆلىمى 300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 15 ئالاھىدە چوڭ مۇزلۇقنىڭ تۆتى شەرقىي تۈركىستان چېگراسى ئىچىدە. شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 19 مىڭ 374 مۇزلۇق بولۇپ، مۇزلۇق كۆلىمى 25 مىڭ 458.4 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ

زاپاس مىقدارى 2 تىرىليون 683 مىليارد 104 مىليون كۇب مېتىر (1990 ـ يىلدىكى ئىستاتىستىكا ماتېرىيالى ). بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي تاغلىرىدا 403 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 279.97 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 15 مىليارد 880 مىليون 200 كۇب مېتىر؛ تەڭرىتاغلىرىدا 9128 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 9253.58 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 1 تىرىليون 12 مىليارد 237 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر. پامىر ئېگىزلىكىدە 1823 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 2622.70 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 217 مىليارد 602 مىليون 100 كۇب مېتىر. كوئىنلۇن تاغلىرىدا 6065 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 8931.56 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مۇزلۇق زاپىسى 885 مىليارد 840 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر ؛ قاراقۇرۇم تاغلىرىدا 1784 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 4159.65 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 539 مىليارد 141 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 11 مىليارد 665 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم تارماقلىرىدىكى ساۋۇر تېغىدا 21 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 16.84 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 134 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. ھەرقايسى تاغلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800 ~3350 مېتىر ؛ كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز بولۇپ، 4500 ~ 6080 مېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدا قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3620 ~ 4450 مېتىر. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق تەڭرىتاغلىرىنىڭ خانتەڭرى چوققىسىدىكى جەنۇبىي ئىنەلچۈك مۇزلۇقى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 63.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 392.85 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى كۆپ چوققا مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، كۆلىمى 251.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇزلۇقلارنىڭ شەرقىي

تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقىدىكى زاپاس مىقدارى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان يەر يۈزى ئېقىنىنىڭ تەخمىنەن 29 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن 19 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مۇزلۇقلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقىدا غايەت زور تەڭشەش ۋە تۇراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

كۆپ چوققا مۇزلۇقى كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى كوئىنلۇن تاغ چوققىسى رايونى، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى، كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ چوڭ مۇزلۇقلىرى مۇزلۇقلىرى مەركەزلىك جايلاشقان رايوندۇر. بۇ جايدا تۆت چوڭ مۇزلۇق بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر يانتۇلۇق يۆنىلىشىدە جايلاشقان بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر سۇ بۆلگۈچ ئارقىلىق ئايرىلغان ھالەتتە پاراللېل جايلاشقان.

تۆت مۇزلۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 627 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ چوققا مۇزلۇقىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ 251.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقىي شىمالغا يۈزلەنگەن. مۇزلۇقنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6957 مېتىر، مۇز تىلىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4590 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 5960 مېتىر (1988-يىلى ). قار سىزىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئاساسلىق مۇز تىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، مۇز تىلىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 1.5~2 كىلومېتىر، ئاستى تەرىپىدىكى مۇز تىلىنىڭ كەڭلىكى 0.7 ~ 1

كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇزلۇقلار تەمىنلەش رايونىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىك پەرقى 1370 مېتىر كېلىدۇ.

## يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى

يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى كۇئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى مۇزلۇق رايونىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5740 مېتىر، كۆلىمى 139.07 كىۋادرات كىلومېتىر.

## ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقى

ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقى كۇئىنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى خوتەن دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6500 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 241 كىۋادرات كىلومېتىر.

## چۇگسى مۇزلۇقى

چۇگسى مۇزلۇقى كۇئىنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6903 مېتىر. كۆلىمى 163.06 كىۋادرات كىلومېتىر.

## قارا يايلاق مۇزلۇقى

قارا يايلاق مۇزلۇقى قوڭۇر چوققىسى بىلەن قوڭۇر توققۇز چوققىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا جايلاشقان بولۇپ،

ئاقتــۇ ناھىيەســى تەۋەلىكىدىكى گــەز دەرياســى ھەۋزىســگە تــەۋە. دېڭىــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى 2880 مېتــر، كۆلىمــى 94.94 كــۋادرات كىلومېتــر.

## كېرىيە مۇز قالپاق مۇزلۇقى

كېرىيــە مــۇز قالپــاق مۇزلۇقــى تەكشــى چوققىلىــق مۇزلــۇق دەپمــۇ ئاتىلىــدۇ. دېڭىــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى 7167 مېتــر، كۆلىمــى 131.75 كــۋادرات كىلومېتــر.

## يېڭىسۆگەت مۇزلۇقى

يېڭىســۆگەت مۇزلۇقــى قــارا قــۇرۇم تاغلىرىنىــڭ غەربىــي قىســمىدىكى شــور بــۇلاق تېغىنىــڭ شــەرقىگە جايلاشــقان. دېڭىــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى 4000 مېتــر. كۆلىمــى 379.97 كــۋادرات كىلومېتــر .

## چوگىر مۇزلۇقى

چوگىــر مۇزلۇقــى چوگىــر چوققىســى ۋە ئۇنىڭغــا قوشــنا بولغان غــول تــاغ ئومۇرتقىســىنىڭ شــىمالىي يانباغىرىدىــن باشــلانغان، ماددا تولۇقــلاش رايونلىــرى شــەرق ـ غــەرب يۆنىلىشــىدە تېزىلغــان بولــۇپ، ئۇزۇنلۇقــى 10 كىلومېتــر كېلىــدۇ. دېڭىــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى 7315 مېتــر.

## جاشۆ بۇلۇم مۇزلۇقى

جاشۆ بۇلۇم مۇزلۇقى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ قىيپاش شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4250 مېتىر. كۆلىمى 119.8 كۋادرات كىلومېتىر.

## تېرامكەڭرى مۇزلۇقى

تېرامكەڭرى مۇزلۇقى قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئەڭ ئېگىز تېرامكەڭرى چوققىسى باغرىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4520 مېتىر. مۇزلۇق كۆلىمى 124.53 كۋادرات كىلومېتىر.

## ئۈرۈمچى دەرياسى مەنبەسى 1- نومۇرلۇق مۇزلۇقى

ئۈرۈمچى دەرياسى مەنبەسى 1- نومۇرلۇق مۇزلۇقى تەڭرى تاغلىرىدىكى تېڭگىرتاغنىڭ شىمالى يانباغرىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4300 مېتىر، كۆلىمى 1.95 كۋادرات كىلومېتىر.

## تۆمۈر مۇزلۇقى

تۆمۈر مۇزلۇقى تەڭرىتاغلىرىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2700 مېتىر. كۆلىمى 293.4 كۋادرات كىلومېتىر.

## چوڭ تېرەن مۇزلۇقى

چوڭ تېرەن مۇزلۇقى تۆمۈر مۇزلۇقىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 31 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3. 7435 مېتىر، كۆلىمى 108.15 كۋادرات كىلومېتىر.

## تۇغبەلچى مۇزلۇقى

تۇغبەلچى مۇزلۇقى مېردىيان تېغىنىڭ شەرقى، خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي، تۆمۈر تېغىنىڭ شىمالىدىكى شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان ئۆزۈلمە جىلغىغا جايلاشقان.

## مۇزارت مۇزلۇقى

مۇزارت مۇزلۇقى تۆمۈر خانتەڭرى تاغ تۈگۈنىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى قاراجۇلقا تېغىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2830 مېتىر، كۆلىمى 137.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

## جەنۇبىي ئىنەلچۈك مۇزلۇقى

جەنۇبىي ئىنەلچۈك مۇزلۇقى خانتەڭرى مۇزلۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي، تۆمۈر تېغىنىڭ شىمالىغا، مىردىيان تېغىنىڭ غەربىدىكى چوڭقۇر ئۆزۈلمە جىلغىسىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 مېتىر. ئومۇمىي كۆلىمى 544.29 كۋادرات كىلومېتىر .

# ئالتاي تېغى مۇزلۇقى

ئالتاي تېغى مۇزلۇقى ئالتاي تاغلىرى پۈتكۈل تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ غەربىي جەنۇب يانباغرىدۇر. شەرقىي تۈركىستانىڭ ئالتاي تاغلىرىدا 419 مۇزلۇق بار بولۇپ كۆلىمى 293.20 كۋادرات كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرچىن دەرياسى ھەۋزىسىدە مۇزلۇقلار ئەڭ كۆپ، ئەڭ مەركەزلەشكەن جەمئىي 302 مۇزلۇق بار ئۇلارنىڭ كۆلىمى247.55 كۋادرات كىلومېتىر.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى دەريالار

ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى ئارقىلىق ھەر يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىدىغان ھاۋادىكى سۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن جەمئىي 1 تىرىليون 276 مىڭ 500 مىليون توننا بولسىمۇ، لېكىن يىلىغا يەر يۈزىگە چۈشەلەيدىغان سۇ 256 مىليارد 400 مىليون تونىنىلا بولۇپ، بۇ سان ھاۋادىكى سۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ 84% ى تاغلىق رايونلارغا چۈشىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېگىز تاغلىق رايونلىرىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 297 كۋادرات كىلومېتىر. مۇزلۇقلاردا سۇنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 2 تىرىليون 831 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 22 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى دەريالار ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 25.7% ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال دەريالارنىڭ ئېقىن مىقدارىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشىنى بىر قەدەر مۇقىملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 570 دەريا بار. شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسى، ھىندى ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان چېپكاپ دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى تاشقى ئېقىن رايونلىرىدىن باشقا، قالغان دەريالار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭغار، تارىم، چايدام، چاقىلىق - تاغكۆلا قاتارلىق بەش ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىغا تەۋە، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدىكى دەريالار يەنە 29 سۇ سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى

570 دەريانىڭ 387 سى شىمالىي شەرقىي تۈركىستاندا، 183
ى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا. يىللىق ئېقىن مىقدارى
بويىچە ھېسابلىغاندا 100 مىليون كۇب مېتىردىن 1 مىليارد
كۇب مىترغىچە بولغان دەريالاردىن 66 سى بولۇپ، دەريالار
ئومۇمىي سانىنىڭ 11.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يىللىق
ئېقىن مىقدارى 18 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ،
يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارىنىڭ 23.6% نى ئىگىلەيدۇ،
يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن كۆپ
دەريالاردىن 18 ى بار بولۇپ، دەريالار ئومۇمىي سانىنىڭ ئاران
3% نى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ دەريالارنىڭ ئېقىن مىقدارى
51 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يەر ئۈستى
سۇ بايلىقىنىڭ 65.7% نى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ
تاغلىق رايونلىرى ئېقىنلارنىڭ شەكىللىنىش رايونى. تۈزلەڭلىكلەر
بولسا ئېقىنلارنىڭ سىڭىپ كېتىدىغان رايوندۇر. دەريالارنىڭ
تاغ ئېغىزىدىن چىقىدىغان جايى يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ ئەڭ
چوڭ قىممىتى كۆرۈلىدىغان بۆلىكى بولۇپ، ئۇ يىللىق ئېقىن
مىقدارىنى توغرا ئىستاتىستىكىلاشقا پايدىلىق، لېكىن بەزى چوڭ
دەريالىرنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىن مىقدارىنى ئىستاتىستىكا
قىلغىلى بولسىمۇ، بەزى غول ئېقىنلارنى ئىستاتىستىكا قىلغىلى
بولمىدى. مەسىلەن: ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تارىم
دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق دەريالار. ئاز ساندىكى
چوڭ دەريالارنىڭ سۈيى چېگرا سىرتىغا ئاققاندىن باشقا قالغان
دەريالار تۈزلەڭلىكتىكى سۇغىرىش رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن،
چۆلگە سىڭىپ كېتىدۇ ياكى كۆللەرگە قۇيۇلۇپ ئاخىرلىشىدۇ.
شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 7
مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭغا چەت ئەلدىن چېگرا
ئىچىگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى 8 مىليارد 800 مىليون
كۇب مېتىرنى قوشقاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى دەريالارنىڭ

ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 88 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ لېكىن چېگرا سىرتىغا ئېقىپ كېتىدىغان سۇ مىقدارى 24 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى پايدىلىنىلغان دەريا سۈيى مىقدارى 42 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر بولدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى دەريالارنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 33 مىليون كىلوۋات بولۇپ، زور كۈچ بىلەن ئېچىشنى كۈتمەكتە.

## ئېرتىش دەرياسى

ئېرتىش دەرياسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى چىگىرتاي داۋىنىدىن باشلىنىپ، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن، قابا قاتارلىق بەش ناھىيە، شەھەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن دەريا ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4248 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 643 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ قازاقىستان ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان خىتتايدىكى بىردىن بىر خەلقئارالىق دەريا ھېسابلىنىدۇ. تارماق ئېقىنلىرى ئومۇمەن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، تارغاقسىمان ھالدا غول ئېقىنغا قۇيۇلىدۇ. ئاساسلىق تارماق ئېقىنلىرى شەرقتىن غەربكە قاراپ قۇۋۇ ئېرتىش دەرياسى، قايىرتى دەرياسى، قارا ئېرتىش دەرياسى، قىران دەرياسى، بۇرچىن دەرياسى، قابا دەرياسى، بىلەزىك دەرياسى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى رەت تەرتىپى بويىچە : 700 مىليون 70مىڭ كۇب مېتىر ، 1 مىليارد 790 مىليون كۇب مېتىر، 600 مىليون 50 مىڭ كۇب مېتىر، 4 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، 2 مىليارد 150

مىليون كۇب مېتىر، 380 مىليون كۇب مېتىر. قۇۋ ئېرتىش دەرياسى بىلەن قايىرتى دەرياسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئېرتىش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن دۆلەت چېگراسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 633 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 57 مىڭ 290 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

## جۇڭغار ئىچكى ئېقىن رايونى سۇ سىستېمىسى

جۇڭغار ئىچكى ئېقىن رايونى سۇ سىستېمىسى ئۇلۇنگۇر دەرياسى ئېبىنۇر كۆلى سۇ سىستېمىسى ( بۆرتالا دەرياسى، جىڭ دەرياسى، چىگىشور دەرياسى، كۈيتۇن دەرياسى )، قاراماي ئاق تېرەك دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئۈرۈمچى دەرياسى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى كىچىك دەريالار، باركۆل ئارا تۆركتىكى كىچىك دەريالار قاتارلىق ئالتە كىچىك سۇ سىستېمىسى بىلەن جۇڭغارىيە چۆل رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 316 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر. ھەۋزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ بوغدا چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر ) ، ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى ئېبىنۇر كۆلى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 189 مېتىر )دۇر. يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 12 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر (مۇڭغۇلىيەدىكى بۇلگان دەرياسىنىڭ ئېقىپ كىرگەن سۇ مىقدارى 230 مىليون كۇب مېترنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يىللىق ئوتتۇرۇچە قۇم لاتقا مىقدارى 1.09 كىلوگىرام / كۇب مېتىر، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 223 مىللىگىرام / كۇب مېتىر.

## ئۈرۈمچى دەرياسى

ئۈرۈمچى دەرياسى شىمالىي تەڭرىتاغدىكى تەڭرى 2 چوققىسىدىن باشلىنىدۇ. تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلانبايغا كېلىپ ئاندىن ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ئېقىپ،ئۈرۈمچى رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دۇڭداۋ خەيزىگىچە بارىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 214 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 5803 كىۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 237 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن نەنسەن، دۇڭسەنلەرگە يىغىلغان سۇيى ۋە تۇدۇڭخابا دەرياسىنىڭ سۇيى بىلەن قوشۇلۇپ ھاسىل قىلغان سۇ مىقدارى جەمئىي 596 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ھەممىسى ئۆستەڭ ۋە سۇ ئامبارلىرىغا باشلىنىدۇ. ئۇلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئەسلىي دەريا يولى ھازىر ئۆزگەرتىلىپ ساي يولى قىلىپ ياسىلىپ، دەريا سۇيى تىنچلىق ئۆستىڭى ئارقىلىق تۆۋەن ئېقىنغا ئۇزىتىلىدى. دەريانى بويلاپ ئۇلانباي، خۇڭيەنچى، « 1- ئاۋغۇست»، مېڭجىن قاتارلىق تۆت سۇ ئامبىرى ياسالدى، بۇ سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 801 مىليون كۇب مېتىر .

## ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا رايونى ـــ ئىلى دەرياسى سۇ سىستېمىسى

ئىلى دەرياسى شەرقىي تۈركىستان بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرۇسىدىكى ئىككى چوڭ خەلقئارالىق دەريانىڭ بىرى. يۇقىرى ئېقىنىدا ئۈچ چوڭ تارمىقى، يەنى تېكەس دەرياسى

(ئاساسىي ئېقىنى)، كۆنەس دەرياسى ۋە قاش دەرياسى بار. ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلغاندىن كېيىنكى قىسمى ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلى دەرياسى ئىلى ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، تارماق ئېقىنى بولغان قورغاس دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، قازاقىستان تەۋەلىكىگە ئېقىپ كىرىپ، ئاخىرىدا بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1236.5 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 151 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر؛ بۇنىڭ ئىچىدە خىتتاي چېگراسى ئىچىدىكى دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 442 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 56 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

## ئانا دەريا تارىم دەرياسى

تارىم دەرياسى - تارىم دەرياسى ھەۋزىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى سۇ سىستېمىسىدۇر. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىن مەركىزىگە قاراپ يىغىلىپ ئاقىدىغان قارا شەھەر دەرياسى - كۆنچى دەرياسى، دىنار دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق توققۇز سۇ سىستېمىسىدىكى جەمئىي 144 دەريانى ھەمدە تارىم دەرياسى غول ئېقىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر (خىتتاينىڭ سىرتىدىكى ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 23 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر) . يەكەن دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى (يەنى تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى) بولغان لاسكۆي دەرياسىدىن تىتما كۆلىگىچە تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2437 كىلومېتىر(نىڭ ئىچىدە غول ئېقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر

كېلىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى رايونىدا ھۆل-يېغىن بىر قەدەر مول بولۇپ، ئادەتتىكى يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 300~900 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، ھەۋز ئىچىنىڭ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 117 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر (ھەۋزىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 115 مىللىمېتىر، لېكىن قۇملۇق رايونلىرىنىڭ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاران 25~50 مىللىمېتىر). ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 23 مىڭ 320 كۋادرات كىلومېتىر (چەت ئەلدىكى قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مۇزلۇق زاپىسى 2 تىرىليون 404 مىليارد كۇب مېتىر مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 17 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، تارىم دەرياسى يەر ئۈستى سۈيى ئومۇمىي مىقدارى 39 مىليون كۇب مېتىر (چەت ئەلدىن ئېقىپ كىرگەن سۇ مىقدارى 6 مىليارد 70 مىليون كۇپ مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ 44% ئىنى ئىگىلەيدۇ. ھەۋزىسىنىڭ ھەر قايسى دەريالاردىكى لەيلىمە ماددىلار ئىتتىرىلىپ يۆتكىلىدىغان ماددىلار، ئېرىگەن ماددىلار ھەمدە بۇ ئۈچىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن قاتتىق جىسىملارنىڭ



ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 156 مىليون 600 مىڭ توننا / يىل، 31 مىليون 320 مىڭ توننا / يىل، 16 مىليون 570 مىڭ توننا / يىل، 204 مىليون 500 مىڭ توننا / يىلغا يېتىدۇ. تۆزلەڭلىك رايونلىرىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تەبىئىي تولۇقلاش مىقدارى

4 مىليارد 455 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئېقىننىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى بىرقەدەر مۇقىم، لېكىن يىل ئىچىدىكى كەلكۈن كېلىش بىلەن سۇ تارتىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. ھەۋز ئىچىدە ئىنسانلار پائالىيىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدا يەر ئۈستى سۈيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۇ سىستېمىسىدىن بىرى ئازىيىپ تۈگەپ چۈشۈپ قالدى، يەنە ئاقسۇ دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، يەكەن دەرياسىلا قالدى.

تارىم دەرياسىنىڭ 1978 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىللىق ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى جەمئىي 4 مىليارد 956 مىليون كۇب مېتىر بولغان. تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىندىكى ئالار گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ ئۆلچەپ چىقىشىچە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەر ئۈستى سۈيى ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىردىن ئازىيىپ، 4 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان، لېكىن ئوخشاش مەزگىلدە تۆۋەنكى ئېقىندىكى قارا گىدرولوگىيە پونكىتىدا يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 480 مىليوندىن ئازىيىپ، 392 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان، نەتىجىدە تۆۋەنكى ئېقىننىڭ ئېكولوگىيەسى ناچارلىشىپ، دەريا ئېقىنى 280 كىلومېتىر قىسقىرىپ كەتكەن؛ لوپنۇر كۆلى 1972 ـ يىلى، تىتما كۆلى 1980 ـ يىلى قۇرۇپ كەتكەن. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى كۆللەرنىڭ كۆلىمى 2957 كۋادرات كىلومېتىر چۈشۈپ قالدى. چوڭ ـ كىچىك سۇ ئامبىرىدىن 28ى بولۇپ، سۇ سىغىمچانلىقى 4 مىليارد 660 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ لايىھىلەنگەن بوستانلىقلاردا سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 660 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ.

## ئاقسۇ دەرياسى

توشقان دەرياسى بىلەن قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ قارا دۆۋە دېگەن جايدا قوشۇلغاندىن كېيىنكى قىسمى ئاقسۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 860 مىليون كۇب مېتىر. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 132 كىلومېتىر.

## قۇمئېرىق دەرياسى

قۇمئېرىق دەرياسى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چوڭ تارماق ئېقىن. تەڭرى تاغلىرىنىڭ تۆمۈر چوققىسىدىن باشلىنىپ، ئالدى بىلەن قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن شىمال تەرەپتىن خىتتاي چېگراسىغا ئېقىپ كىرىدۇ .ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 293 كىلومېتىر.

## قەشقەر دەرياسى

قەشقەر دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تەرتىپ بويىچە، ئېگىز يار دەرياسى، گەز دەرياسى، قىزىل دەرياسى، چاقماق دەرياسى، بوغۇز دەرياسى قاتارلىق ئالتە ئاساسىي دەريانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 65 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 222 مىليون كۇب مېتىر. ئۇنىڭ ئاساسىي غول ئېقىنى بولغان قىزىل دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 960 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 49.6% نى ئىگىلەيدۇ.

قىزىل دەرياسى

قىزىل دەرياسى قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىنى، قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى قىزىل ئاقىن ئېغىدىن باشلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى بولغان مارقانچات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تاجىكىستاندىن باشلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 213 كىلومېتىر، يىغىندى سۇ كۆلىمى 13 مىڭ 700 كىۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 47 مىليون كۇب مېتىر. قۇم دانچىلىرى ئۇششاق، رەڭگى قىزىل، لاتقىسى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «قىزىل» دەريا دەپ ئاتالغان.

## گەز دەرياسى

گەز دەرياسى قەشقەر دەرياسى سۇ سىستېمىسىدا بولۇپ، مۇجى دەرياسى بىلەن قاراكۆل دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق ئېقىندىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىق تارماق ئېقىنى بولغان مۇجى دەرياسى شەرقىي تۈركىستان بىلەن تاجىكىستان چېگرىسىدىكى سارىقول تاغلىرىنىڭ قارازاق چوققىسى ئەتراپىدىن باشلىنىدۇ. يىغىندى سۇ كۆلىمى 9212 كىۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 954 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر. ئاخىرقى قىسمى يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 374 كىلومېتىر.

## يەكەن دەرياسى

يەكەن دەرياسى تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى لاسكۈي دەرياسىدىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا كىلچىن دەرياسى ۋە

تاشقورغان دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماق ئېقىن قوشۇلىدۇ. سۇغىرىش رايونىدا هازىر بار بولغان سۇ ئامبىرى 41 بولۇپ، ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 1 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 367 مىڭ گېكتار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان بويىچە مۇھىم ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

## خوتەن دەرياسى

خوتەن دەرياسى كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان چوڭ دەريا. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاراقاش دەرياسى غول ئېقىنى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى تارماق ئېقىنىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قوشلاش ئەتراپىدا بىرلەشكەندىن كېيىن خوتەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن دەرياسىنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغىرىدىكى باشلىنىش مەنبەسىدىن خوتەن دەرياسى ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1127 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسەن قاراقاش، خوتەن، لوپ ناھىيەلىرىدىن ۋە خوتەن شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 48 مىڭ 870 كۋادرات كىلومېتىر. خوتەن دەرياسىنىڭ تاغلىق رايوندىكى جەمئىي يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 420 مىليون كۇب مېتىر.

## يورۇڭقاش دەرياسى

يورۇڭقاش دەرياسى خوتەن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى. كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئاساسلىق تېزمىلىرىدىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى كوئېنلۇن تاغلىرىدىكى ئەڭ زور مۇزلۇق ھەرىكەتچى مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. يىغىندى سۇ كۆلىمى 14 مىڭ 375 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق كۆلىمى 2958 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 410 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 240 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆللەر

شەرقىي تۈركىستان خىتتايدىكى كۆللەرنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئۆلكە رايون (ئاپتونوم رايون) لارنىڭ بىرى. كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ بولغان كۆللەر 138، ئومۇمىي كۆلىمى 5136 كۋادرات كىلومېتىر، (ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن ماناس كۆلى، لوپنۇر كۆلى ۋە تېتىما كۆللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆللەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 7.2% نى ئىگىلەپ، شىزاڭ، چىڭخەي، جىياڭسۇلاردىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرۇدۇ. ئېرتىش دەرياسى ھەۋزىسىدىكى تاشقى ئېقىن كۆللىرىدىن باشقىلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىگە كىرىدۇ، بولۇپمۇ ئويمانلىقنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ سۇ ئورنى ئۆزگىرىشى چوڭ، سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى شورلۇق كۆل ياكى تۇزلۇق كۆللەردىن ئىبارەت؛ بىراق تاغلىق رايونلاردىكى ۋە ئېگىزلىكتىكى كۆللەرنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆللەر چۆككەن كۆل، ئۇلتۇرۇشقان كۆل، ئاخىرقى مورېنا كۆلى، توسۇلما كۆل، دەريا ئارىلىقىدىكى كۆل، قالدۇق كۆل، شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن كۆل، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېشىپ چىقىشىدىن شەكىللەنگەن كۆل، سۈنئىي كۆل قاتارلىق توققۇز خىل تىپقا ئىگە. قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ ئۇزۇن ئېقىن شەكىللەندۈرۈش رايونى، ئۆزىنىڭ سۇ سىستېمىسى، (تەبىئىي

دەريالار ۋە سۇنئىي ئۆستەڭلەر ) ۋە ئۆزىنىڭ يىغىلىدىغان جايى (ئېچكى قۇرۇقلۇق كۆل سۈيى) ھەممىدە ئۆزىنىڭ ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى سىستېمىسى (جىلغا شاملى ) بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كەڭ ئويمانلىقلارنىڭ مەركىزىگە توپلىنىشىدىن شەكىللەنگەن. كۆل سۈيى تېيىز، سۇ مىقدارى ئاز بولۇپ، ھالىتى خىلمۇخىل. ئېچكى قۇرۇقلۇق كۆل سۈيىدىكى جانلىقلار سىستېمىسى ئۆزلىرى كۆلگە ئېلىپ كەلگەن ئانئورگانىك تۇزلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق زەنجىرىگە قوبۇل قىلىپ، كۆل سۈيىنى تۇزسىزلاشتۇرىدۇ، شۇڭا جانلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆلنىڭ قىرغاققا يېقىن زونىلىرىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ .ئالاھىدە كىلىمات شارائىتى، شۇنىڭدەك جانلىقلارنىڭ مىقدارى ۋە جانلىقلار توپىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، كۆلدىكى جانلىقلار دائىم يېڭىلىنىپ، جانلىقلار مىقدارى زىيادە ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. زەھەرلىك يۇسۇنلار زور دەرىجىدە كۆپىيىپ سۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئېچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىدە يوسۇن تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلمەيدۇ ۋە كۆللەر تەرەققىي قىلىپ سازلىققا ئايلىنالمايدۇ. بۇ ئېچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپ سەۋەب، شۇنداقلا بۇ ئۇلارنىڭ نەم رايونلاردىكى كۆللەرنىڭ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىش تارىخىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان جايىدۇر. ئېچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلىنىدۇ : بىرىنچى باسقۇچ : كۆل تارىخىدىكى ھاياتىي كۈچ ئەڭ جانلانغان، سۇ مىقدارى ئەڭ مول بولغان باسقۇچ ؛ ئىككىنچى باسقۇچ : دەريالاردىن كېلىدىغان سۇ مىقدارى ئازىيىپ، كۆل دەسلەپكى قۇرۇشقا باشلىغان باسقۇچ ؛ ئۈچىنچى باسقۇچ : سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈش باسقۇچى ؛ تۆتىنچى باسقۇچ : سۇ مەنبەسى تارتىلىپ كېتىپ، كۆل

رايوننىڭ بىر پارچە شورلۇق يەرگە ئايلىنىش باسقۇچى. ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرى ۋە كۆل بويلىرى قىممەتلىك تەبىئىي بوستانلىقلار، شۇنداقلا قۇرغاق رايون كىلىماتىنىڭ ئىندىكاتورى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

## بوغدا كۆلى

بوغدا كۆلى قەدىمكى زاماندا ياۋچى كۆلى(چىرايلىق كۆل) دەپ ئاتالغان. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرىلىك رايونى، خەلقئارا ئادەم ۋە بىئوسفېرا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا، فۇكاڭ شەھىرى تەۋەلىكىدىكى سەنگۇڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن جىلغىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.9 كىلومېتىر، كۆلىمى 2.7 كۋادرات كىلومېتىر ; ئەڭ چوڭقۇر يېرى 95 مېتىر، سۇنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 52 مېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 144 مىليون كۇب مېتىر. كۆلنىڭ يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1911 مېتىر.

## ئاقسايچىن كۆلى

ئاقسايچىن كۆلى ئاقساي كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چاقىلىق ـ تاڭگۇلا ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمالىغا، خوتەن ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئاقسايچىن ئويمانلىقىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4848 مېتىر، كۆل يۈزى كۆلىمى 164 كۋادرات كىلومېتىر. كۆل سۈيىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن چوڭقۇرلۇقى توققۇز مېتىر .

## ئىبىنۇر كۆلى

ئىبىنۇر كۆلى جىڭ ناھىيەسى بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ كۇيتۇن دەرياسى، چىگىشۇر دەرياسى، بۆرتالا دەرياسى ۋە جىڭ دەريالىرىنىڭ ئاخىرى قۇيۇلىدىغان كۆل. ئولتۇرۇشقان كۆلگە كىرىدۇ. هازىرقى كۆلنىڭ كۆلىمى 560 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 1950 ـ يىلدىكى 1070 كىۋادرات كىلومېتىرلىق كۆلىمىنىڭ يېرىمى كىچىكلەپ كەتكەن. ئىبىنۇر كۆلى تېيىز «تەخسە»ھالىتىدە بولۇپ، سۇيىنىڭ ئوتتۇرۇچە چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر. ئەڭ چوڭقۇر يېرىمۇ 3.5 مېتىرغا يەتمەيدۇ .

## سايرام كۆلى

سايرام كۆلى شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، بۆرتالا ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، 312 ـ دۆلەت تاشيولى بويىدىن ئۆتىدۇ. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2072 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 27 كىلومېتىر، كۆلىمى 454 كىۋادرات كىلومېتىر. ئەڭ چوڭقۇر يېرى 86 مېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 20 مىليارد كۇب مېتىر.

## ئۇلۇنگۇر كۆلى

ئۇلۇنگۇر كۆلى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىگە جايلاشقان. ئۇلۇنگۇر دەرياسىنىڭ ئاخىرى. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى

178.6مېتىــر، ئۇزۇنلۇقــى 41 كىلومېتىــر، ئــەڭ كــەڭ جايــى 27 كىلومېتىــر، ئوتتۇرۇچــە كەڭلىكــى 18.4 كىلومېتىــر، ئەمەلىي ئۆلچەنگــەن ئــەڭ چوڭقــۇر جايــى 12 مېتىــر، ئوتتۇرۇچــە چوڭقۇرلىقــى 8 مېتىــر، كۆلمــى 753 كۋادىــرات كىلومېتىــر، زاپاس ســۇ مىقــدارى 6 مىليــارد 20 مىليــون كــۇب مېتىــر.

## لوپنۇر كۆلى

لوپنــۇر كۆلــى تارىــم دەرياســىنىڭ ئاخىــرى قۇيۇلىدىغــان كــۆل. تارىــم ئويمانلىقىنىــڭ شــەرقىي قىســمىدىكى لوپنــۇر ئويمانلىقىنىــڭ مەركىــزى قىســمىغا جايلاشــقان. تارىــم دەرياســىنىڭ ئاخىرقــى نۇقتىســى دېگــەن جۇغراپىيەلىــك ئۇقۇمدىكــى لوپنــۇر كۆلــى يوقىلىــپ كەتمــەدى. ئۇنىــڭ يېقىنقــى جۇغراپىيەلىــك ئورنــى داشــخەيزى ســۇ ئامبىــرى .

## ئايدىڭكۆل

ئايدىڭكــۆل شــەرقىي تۈركىســتان قۇرۇقلۇقىنىــڭ ئــەڭ پــەس جايــى. تۇرپــان ئويمانلىقىنىــڭ ئوتتــۇرا قىســمىنىڭ ســەل جەنۇبىدىكــى ئــەڭ پــەس ئويمانغــا جايلاشــقان. كــۆل يــۈزى دېڭىــز يۈزىدىــن 155 مېتىــر پــەس. كۆلنىــڭ ئــەڭ پــەس يېرىنىــڭ دېڭىــز يۈزىدىــن تۆۋەنلىكــى 161 مېتىرغــا يېتىــدۇ، دۇنيــا بويىچــە 3 ـ ئورۇنــدا تۇرىدىغــان پــەس يــەر ھېســابلىنىدۇ. كــۆل ئويمانلىقىنىــڭ شــەرقتىن غەربكىچــە بولغــان ئۇزۇنلۇقــى تەخمىنــەن 50 كىلومېتىــر، جەنۇبتىــن شــىمالغىچە بولغان كەڭلىكــى 10 كىلومېتىر، كۆلمــى تەخمىنــەن 450 كــۋادرات كىلومېتىــر كېلىــدۇ.

## باركۆل كۆلى

باركۆل كۆلى ئۇزۇلۇپ ئولتۇرۇشقان كۆل شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى باركۆل تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا جايلاشقان. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1585 مېتىر كېلىدۇ. كۆل قاپاق شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇن ئوقى غەربىي شىمال ـ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5~10 كىلومېتىر، كۆلىمى 140 كۋادرات كىلومېتىر.

## باغراش كۆلى

باغراش كۆلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تۇزسىز كۆل، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ ئاخىرى، كۆنچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، كۆلنىڭ سۇ ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1048 مېتىر كېلىدىغان ۋاقىتتا كۆلنىڭ كۆلىمى 990 كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 8 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 8015 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 16.5 مېتىر.

## ئاققۇ كۆلى

ئاققۇ كۆلى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى

2400 ~ 2600 مېتىر. چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىنىڭ شەرقىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 25 كىلومېتىر .

## قاناس كۆلى

قاناس كۆلى بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ تەۋەلىكىگە جايلاشقان. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1374 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.6 ~ 3.9 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 188.5 مېتىر، سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 90 مېتىر. سىغىمچانلىقى 4 مىليارد كۇب مېتىر.

## سەيۋوپۇ كۆلى

سەيۋوپۇ كۆلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەسى. ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 6.37 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 5.75 كىلومېتىر. يۇمىلاقراق شەكىلدە كۆل ئويمانلىقى تېيىز ،تەخسىسىمان ھالەتتە، كۆل تېگى تەكشى، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئومۇمەن 3~5 مېتىر. ئەڭ چوڭقۇر يېرى 6.1 مېتىر كېلىدۇ. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1092.7 مېتىر، كۆلمى تەخمىنەن 30 كىۋادرات كىلومېتىر. سىغىمچانلىقى 125 مىليون كۇب مېتىر.

# داۋانچىڭ تۇزلۇق كۆلى

داۋانچىڭ تۇزلۇق كۆلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سەيۇۋپۇ ـ داۋانچىڭ ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئويمانلىقىنىڭ تۇزلۇق سۈيى توپلىنىدىغان جاي، سەيۇۋپۇ كۆلىنىڭ سۈيى يەر ئاستى ئارقىلىق تۇزلۇق كۆلگە تۇتىشىدۇ. تۇزلۇق كۆل شەرقىي تۇزلۇق كۆل ۋە غەربىي تۇزلۇق كۆل دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. غەربىي تۇزلۇق كۆل كىچىكرەك. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1072 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 2 كىلومېتىر، شەرقىي تۇزلۇق كۆل چوڭراق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1071 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 32 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى كۆل سۇ يولى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرۇدۇ.

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىلىماتى

شەرقىي تۈركىستان مۆتىدىل بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق كىلىمات رايونىغا كىرىدۇ.

**شەكىللىنىش سەۋەبى:** (1) ياۋرۇ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغاندا، جەنۇبتا ھىندى ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 2500 كىلومېتىر، شەرقتە تىنچ ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 4400 كىلومېتىر، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 3400 كىلومېتىر، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 6900 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇب مۇسسۇن شاملى، غەربىي جەنۇب مۇسسۇن شامالليرى ئېلىپ يۈرگەن سۇ ھورلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كېلەلىشى تەس. شەرقىي تۈركىستان غەرب شاملى بەلبېغى ئايلانما ئېقىمىنىڭ تېزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئاتلانتىك ئوكيان سۇ ھورلىرى ئېگىزلىكلەر ۋە ئېگىز تاغلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھۆل يېغىنى ئىنتايىن ئاز. شىمالىي مۇز ئوكياندىن جەنۇبقا سۈرۈلگەن سوغۇق ھاۋا ئۆزى بىلەن بىللە كۆپ مىقداردىكى سۇ ھورلىرىنى ئېلىپ ئۆدۈل شىمالىي شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، بىر قەدەر كۆپ ھۆل يېغىن پەيدا قىلىدۇ.

(2) **ئايلانما** ئېقىم ۋەزىيىتى. قىش پەسلىدە 500 گېكتوپاسكاللىق تەڭ بېسىم يۈزى ۋەزىيىتى خەرىتىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسىنىڭ كونتروللۇقىدا ئۇچرايدىغان دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ. بۇ هال قۇتۇپ سوغۇق هاۋاسىنىڭ ئومۇرتقا بويلاپ جەنۇبقا سۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. نەتىجىدە يەر يۈزى خەرىتىسىدە كۈچلۈك موڭغۇلىيە يۇقىرى بېسىمىنىڭ كونتروللۇقى بولۇپ ئەكس ئېتىپ، هاۋا بېسىمى 1035 ~ 1040 گېكتو پاسكالغا يېتىدۇ، هەم سوغۇق فرونت شەرقىي جەنۇبقا داۋاملىق سۈرىلىدۇ.

(3) قوياش رادىئاتسىيەسى. شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرا كەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئويمانلىق، قۇملۇق، چۆللۈكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاتموسفېرانىڭ سۈزۈكلۈكى ياخشى، بۇلۇت مىقدارى ئاز، قوياشنىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيەسى 5200 ~ 6200 مېگاجوئۇل / كۋادرات مېتىر.

**قۇرغاق كىلىمات ئالاھىدىلىكى :** (1) قىش پەسلى قۇرغاق سوغۇق؛ياز پەسلى قۇرغاق ئىسسىق. جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقى قىش پەسلى «سوغۇق كۆل» لۈك يازدا «قىزىق قازان» لىق رول ئويناپ، قۇرغاق سوغۇق، قۇرغاق ئىسسىقلىق ئېففېكتىنى كۈچەيتىدۇ.

(2) هۆل يېغىن مىقدارى ئاز، نەملىكى تۆۋەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يىللىق هۆل يېغىن مىقدارى 100~300 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بولسا 10~100 مىللىمېتىر كېلىدۇ. شىمالىي شەرقىي تۈركىستاندا 12 ـ، 1 ـ ئايلاردا هاۋا كۆپىنچە تۇمانلىق بولىدۇ. جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە هاۋا كۆپىنچە چاڭ ـ توزانلىق بولىدۇ.

(3) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سوتكىلىق پەرقى چوڭ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى 40~50 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا.

## كىلىمات بەلبېغى

يەر شارى كەڭلىكلەرگە ئاساسەن بىر قانچە بەلباغسىمان كىلىمات رايونلىرىغا ئايرىپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇلار كىلىمات بەلباغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان جەمئىي بەش كىلىمات بەلبېغىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار : ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ، مۆتىدىل بەلباغ، سوغۇق مۆتىدىل بەلباغ، سۇبسوغۇق بەلباغ، سوغۇق بەلباغدىن ئىبارەت.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى بايلىقلار

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈن نۇرى ئىسسىقلىقى، سۇ ۋە يەرلىرى

شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى كۈنگە 6 سائەتتىن يۇقىرى بولغان كۈن 250~325 كۈنگە يېتىدۇ، قوياش ئېنېرگىيە رادىئاتسىيەسى ئىنتايىن مول. يىللىق رادىئاتسىيە ئومۇمىي مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000~6490 مېگاجوئۇل بولۇپ، ئوخشاش كەڭلىكتىكى شىمالىي خىتاي رايونى ۋە شەرقى شىمال رايونىدىن ھەر كۋادرات مېتىردا 620~840 مېگاجوئۇل ئارتۇق، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىنى رايونىدىن ھەر كۋادرات مېتىردا 1240~2090 مگاجوئۇلدىن ئارتۇق .

شەرقىي تۈركىستاندا 570 تىن ئارتۇق دەريا ئېقىنى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 88.4 مىليارد كۇپ مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25.2مىليارد كۇپ مېتىر .

2007ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4.0255 مىليون گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلۇق ئېتىز بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي يەر

كۆلىمىنىــڭ 94% تــىن ئارتۇقىنــى ئىگىلەيــدۇ. يايــلاق كۆلىمــى 15.21 مىليــون گېكتــار بولــۇپ بۇنــىڭ ئىچــدە سـۇلۇق ئېتىــز بىلــەن سـۇغىرىلىدىغان يــەر تېرىلغــۇ يــەر ئومۇمــي كۆلىمىنىــڭ 94% تــىن ئارتۇقىنــى ئىگىلەيــدۇ، يايــلاق كۆلىمــى 15.21 مىليــون گكتــار بولــۇپ، دۆلىتىمــز يايــلاق كۆلىمىنىــڭ تەخمىنــەن 22% ىنــى ئىگىلەيــدۇ .

شــەرقىي تۈركىســتاننىڭ ئورمــان بايلىقمــۇ ئىنتايــن مــول بولــۇپ ئورمانلىــق كۆلىمــى 6.75947 مليــون گكتــار، بۇنــىڭ ئىچــدە بوســتانلىقنىڭ ئورمــان بىلــەن قاپلىنىــش نىســبىتى 15% كــە يېتىــدۇ. شــەرقىي تۈركىســتاندىكى دەرەخلەرنىــڭ ئومۇمــى زاپــاس مىقــدارى 314 مليــون كــۇپ مېتــر، بۇنــىڭ ئىچــدە ئورماننىــڭ زاپــاس مىقــدارى 280 مليــون كــۇپ مېتــر. تارىــم ئويمانلىقىدىكــى توغراقلىــق دۆلىتىمىزدىكــى كۆلىمــى ئــەڭ چــوڭ تەبىئىــي توغراقلىــق بولــۇپ، كۆلىمــى 4700 كىۋادىــرات كىلومېتىردىــن ئاشــىدۇ.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ  زاپاس مىقدارى مول قېزىلما بايلىقلىرى

شــەرقىي تۈركىســتاننىڭ قېزىلمــا بايلىقلىــرى ئىنتايــن مــول، ئــۇ خىتتايدىكــى قېزىلمــا بايلىقــلار ئــەڭ مــول ئۆلكــە، ئاپتونــوم رايونلارنىــڭ بىــرى ھېســابلىنىدۇ. شــەرقىي تۈركىســتاندىكى قېزىلمــا بايلىقلارنىــڭ تۈرلىــرى كــۆپ، يۈرۈشلىشــش دەرىجىســى يۇقىــرى، ئېچىــش ئىســتىقبالى كــەڭ. بولۇپمــۇ قىســمەن ئۆزگىچــە قېزىلمــا بايلىقلارنــى ئېچــش ئىســتىقبالى ئىنتايــن زور. بۇنــىڭ ئىچــدە ئــەۋزەل قېزىلمــا بايلىقلاردىــن ئاساســلىقى كۆمــۈر، نېفــت، تەبىئىــي گاز، قــارا مېتــال، رەڭلىــك مېتــال، قىممەتلىــك ئېغىــر مېتــال

ئائىورگانىك خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى، قاشتاش، گۆھەر ۋە باشقا مىتاللوئىد قېزىلما بايلىقلىرى بار.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

1. قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ، يۈرۈشلىشىشى تولۇق. 2007 يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا بايقالغان قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى 138 خىل بولۇپ، دۆلىتىمىزدە بايقالغان 171 خىل قېزىلما بايلىقنىڭ 80.7% نى ئىگىلەپ، قېزىلما بايلىقنىڭ تۈر جەھەتتە دۆلىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ھازىرغىچە ئېنىقلانغان 94 خىل (120 خىل ئىككىلەمچى تۈر ) قېزىلما بايلىقنىڭ زاپاس مىقدارى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنىدىن 5 خىلى، ئالدىنقى 10 نىڭ ئىچىدە تۇرىدىغىنىدىن41 خىلى بار. بىر ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا قېزىلما بايلىقلار تۈرىنىڭ بۇنداق كۆپ بولۇشى بايلىقلارنىڭ يۈرۈشلىشىشىنىڭ بۇنداق مول بولۇشى خەلقئارادىمۇ كەم ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يېڭى كان تۈرلىرىنىڭ بايقىلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار.

2. قېزىلما بايلىقلارنىڭ زاپاس مىقدارى مول. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن مىقدارى : نېفىت 23.384 مىليارد توننا، تەبىئىي گاز 13.06 تىرىليون كۇپ مېتىر، كۆمۈر 2.19 تىرىليون توننا، تۆمۈر 7.72 مىليارد توننا، مىس 61.91 مىليون توننا، نىكېل 17.51 مىليون توننا، قوغۇشۇن 21.34 مىليون توننا، سىنىك 30.68 مىليون توننا، بېنتونىت 5 مىليارد توننا، بىزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش 2.5 مىليارد كۇپ مېتىر قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتنىڭ مۆلچەرلەنگەن بايلىق

مىقدارى خىتاي قۇرۇقلۇقىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 21.53% ىنى، تەبىئىي گازنىڭ مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى خىتاي قۇرۇقلۇقىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 23.32% ىنى، كۆمۈرنىڭ مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى خىتاي قۇرۇقلۇقىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40% دىن ئارتۇقىنى ئىگىلەيدۇ.

3. كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ياخشى. شەرقىي تۈركىستان ياۋرۇ ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، گېئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ ماگما ھەرىكىتى كۈچلۈك بولۇپ، كان ھاسىل بولۇشتا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. دۇنيادىكى ئۈچ غايەت زور كان ھاسىل بولۇش دائىرىسىنىڭ ئىككىسى ئاپتونوم رايونىمىزنى كېسىپ ئۆتىدۇ، خىتايدىكى قوشنا 32 مۇھىم كان ھاسىل بولۇش بەلبېغىنىڭ 16سى شەرقىي تۈركىستان دائىرىسىگە سوزۇلۇپ كىرىدۇ.

4. مۇھىم قېزىلما بايلىقلارنىڭ سۈپىتى نىسبەتەن ياخشى. ئۇنۇملۇك كان ياتما نىسبىتى نىسبەتەن يۇقىرى. بۇ تۈردىكى قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، خروم، مىس، نىكېل، ۋېرمىكۇلىت، بېنتونىت، ھاك تاش ۋە گلائۇبېر تۇزى قاتارلىقلار بار. باشقا ئۆزگىچە قېزىلما بايلىقلاردىن يەنە شەرقىي تۈركىستان يۇمشاق قاشتېشى، ناترىيلىق سېلىترا، ساپونىت، ھىدرولىزلانغان ماگنىيلىق ۋانادىي سېلىترا، ئوپال قاتارلىقلار بار.

5. بايلىقلارنىڭ تارقىلىش كەڭ. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا 4000 دىن ئارتۇق قېزىلما بايلىق بارلىقى بايقالدى، بۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، ھەممە ناھىيە

شەھەرلەردە دېگۈدەك قېزىلما بايلىقلار بار، شۇنداقلا ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلار بىر قەدەر مەركەزلىشىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئېنىرگىيە قېزىلما بايلىقلىرى تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى قاتارلىق چوڭ ئورمانلىقلارغا كەڭ تارقالغان. ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغلاردا قارا مېتال، رەڭلىك مېتال، سىرەك مېتال ۋە مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقلىرى بار.

6. ئورتاق ھاسىل بولغان ۋە ھەمرا كان ياتقىلىرى بىرقەدەر كۆپ. ھازىرغىچە ئېنىقلانغان يۇقىرىقى كان رايونلىرى ئىچىدە ئورتاق ھاسىل بولغان ۋە ھەمراھ كانلار كان رايونى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 20% نى ئىگىلەيدۇ، مۇھىم كانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ھاسىل بولغان كان ۋە ھەمراھ كانلار بار. بۇلارنىڭ تىپىدىن ئاساسلىقى تۆمۈر ـــ مانگان كانى، مىس ـــ سىنىك كانى، مىس ـــ مولىبدىن كانى، تاش تۇز ـــ گىلائۇبېر تۇزى كېنى، خروم تۆمۈر كانى، قوغۇشۇن سىنىك كانى، مىس نىكېل كانى، لىتىي ـــ بېرىللىي ـــ نىئوبىي ـــ تانتال كانى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئورتاق ھاسىل بولغان ۋە بىللە ھاسىل بولغانلاردىن يەنە تەبىئىي گاز، قىممەتلىك مېتال فوسفور، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى قاتارلىقلار بار.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقلىرى

ئېنېرگىيە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق،

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر قېتىملىق زور تەرەققىياتى ئېنېرگىيەنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئالماشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن، ئېنېرگىيەنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش دۇنيا ئىقتىسادىي ھەم ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى. خىتتايدا ئېنېرگىيە بايلىقلىرى ئومۇمىي مىقدارى بىر قەدەر مول، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىقدارى بىر قەدەر ئاز. خىتتاي نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەت. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقلىرى مول، تۈرى تولۇق بولۇپ، ھازىرغىچە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، مايلىق سىلانېتس، ئۇران، تورف ۋە كۆمۈر قاتلىمى گازى قاتارلىق يەتتە خىل ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارى ۋە بايلىق ئومۇمىي مىقدارى خىتاي بويىنچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىدىن بەك ئەۋزەللىككە ئىگە قېزىلما بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتتايدىكى نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى ئەڭ مول رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا خىتتايدىكى نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم رايون. شەرقىي تۈركىستاندا تارىم، جۇڭغار ۋە تۇرپان —— قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ نېفىت تەبىئىي گاز چۆكمە ئويمان بايلىقى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ـ كىچىك چۆكمە ئويمانلىقلاردىن يەنە جەمئىي 34 ى بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 693.1 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بۇ خىتتايدىكى قۇرۇقلۇق ئومۇمىي چۆكمە ئويمانلىق كۆلىمىنىڭ 14.37% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئويمانلىقلارنىڭ نېفىت شەكىللىنىش شارائىتى ياخشى بولۇپ، كۆپ يۈرۈشلۈك بىرىكمە نېفىت ھاسىل قىلىش ۋە نېفىت ساقلاش تاغ جىنىسلىرى قاتلىمى بار. خام نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارى مول بولۇپلا قالماي، يەنە سۈپىتى ياخشى، شۇنداقلا گۈڭگۈرت تەركىبى تۆۋەن، ئۇيۇش نۇقتىسى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئاسفالتى، ئالىي دەرىجىلىك توڭلاتقۇچ مېيى ۋە تېببىي دورا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېسىل خام ئەشياسى بولالايدۇ.

2007 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئېكۋىۋالېنتى 44.94 مىليون توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 26.1 مىليون توننا، تەبىئىي گازنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 21 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، تۇنجى قېتىم خىتتايدا نېفىت تەبىئىي گازنىڭ

مەھسۇلات مىقدارى بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغان داچىڭ نېفىتلىكىنى بېسىپ چۈشۈپ، خىتايدىكى نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرىنچى چوڭ رايونغا ئۆتۈپ خىتايدىكى نېفىت تەبىئىي گاز بايلىقلىرىنىڭ ئىستىراتېگىيەلىك ئورنىنى باسىدىغان رايونغا ئايلاندى، خەلقئارادا ئېنېرگىيە كۈندىن كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقلىرىنىڭ چارلىنىپ ئېچىلىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەكتە، ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بەرمەكتە.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

### جۇڭغار ئويمانلىقى

جۇڭغار ئويمانلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرقى ۋە غەربى تەرىپى شەرقىي جۇڭغار پاسىل تېغى، شەرقى شىمالىي ئالتاي تېغى؛ جەنۇبىي تەرىپى تەڭرىتاغ بولۇپ ئۈچبۇلۇڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېپىق ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 370 كىلومېتىر، كۆلىمى 130 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقى چوڭ تىپتىكى بىرىكمە نېفىت ــ تەبىئىي گازلىق ئويمانلىق بولۇپ، نېفىتنىڭ كەلگۈسىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 2.09 تىرىليون كۇب مېتىر

كېلىدۇ.

جۇڭغار ئويمانلىقى شەرقىي تۈركىستاندا نېفىت، تەبىئىي گاز چارلاش ۋە ئېچىش بىرقەدەر بالدۇر باشلانغان نېفىت بايلىقلىرىنىڭ ئاساسلىق تەرەققىيات رايونى. 1955-يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى قارامايدا تۇنجى قۇدۇقتىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن تۇنجى چوڭ نېفىتلىك بايقىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا نېفىتنىڭ سانائەتلىشىشىنىڭ ئۇلى سېلىندى، نەچچە ئون يىل نېفىت تەبىئىي گاز چارلاش ۋە ئېچىش ئارقىلىق ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، قاراماي، ئورقۇ، بەيكۈچۈەن خۇڭشەنزى، شازغەت، شىشى، چيپەيزە، فىڭچېڭ، شۆگەي، سەينەن، چىگۇ، شانەن، ۋۇچۇنەن، ماخې، خوشاۋشەن، گەنخوزا، سەنتەي، بېيسەنتەي، لۇلياڭ، مو-5، موشىجۇاڭ، موبېي، قۇتۇبى قاتارلىق نېفىت ،تەبىئىي گازلىقلار بايقالدى. شىشى نېفىتلىكى خىتتاي نېفىت تەبىئىي گاز گورۇھى شىركتى يېڭىدىن بايقىغان، زاپاس مىقدارى 100 مىليون توننىلىق كۆلەمدىكى ئۈچ نېفىتلىكنىڭ بىرى قىلىپ تېزىلدى. جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئېنىقلانغان نېفىت -تەبىئىي گازلىق 29 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتلىك 20، تەبىئىي گازلىق 9. هازىر ئېچىشقا كىرىشتۈرۈلگەن نېفىت- تەبىئىي گازلىق 18 بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق نېفىت- تەبىئىي گازلىق بولۇپ قالدى.

2007-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭغار ئويمانلىقىدا نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارى بىلەن قېزىش مىقدارىنىڭ نىسبىتى 19:1 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسى 14:1 دىن يۇقىرى بولدى. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ نىسبەتەن زور چارلاپ ئېچىش ئىستىقبالى بار. يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيان،

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ـ شىمال تەرىپىنىڭ چېتىدىكى چارلاشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىدە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىمۇ كۆپ ئورۇندا چوڭ كۆلەمدىكى پايدىلىق قۇرۇلمىلار بايقالدى. بۇرغىلاش ئارقىلىق نېفىت، تەبىئىي گازنىڭ بارلىقى ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئېقىمى بايقىلىپ،ياخشى ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى. يېڭى خىتاي قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان تۇنجى چوڭ نېفىتلىك قاراماي نېفىتلىكى بولدى. قاراماي جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، جايىر تېغىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. قاراماي ئەينى ۋاقىتتا «ئوتمۇ يوق، سۇيمۇ يوق، قۇشلارمۇ ئۇچۇپ بارمايدىغان» قاقاسلىق ئىدى. سەلىم بوۋاي تۇنجى بولۇپ بۇ نېفىتلىكنى بايقاپ ۋەتىنىنىڭ جەنۇبىدا ساتقان،شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزدە، ئۇخلاپ ياتقان بۇ چۆللۈكتە تۇنجى نېفىتلىك ئېچىلغان. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تېرىشىش ئارقىلىق قاراماي، گۈزەل، ھەيۋەت زامانىۋى تۇسكە ئىگە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىپ، «چۆلدىكى ساھىبجامال» ،«قارا گۆھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە ئۇ خىتاينىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم نېفىت ـ خېمىيە سانائىتى بازىسى بولۇپ قالدى. شەرقىي تۈركىستان نېفىتچىلىك شىركىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2007 ـ يىلى قارامايىنىڭ نېفىت، نېفىت ـ خېمىيە سانائىتى ئاساسىي كەسپى تېز تەرەققىي قىلغان، نېفىت ـ تەبىئىي گاز چارلاپ ئېچىشتا زور بۆسۈشلەرنى ھاسىل قىلغان، پۈتۈن بىر يىلدا يېڭىدىن ئېنىقلاپ چىققان نېفىت گېئولوگىيەلىك زاپاس مىقدارى 70 مىليون توننا بولۇشتىن سىرت قاراماي نېفىتلىكىدە جەمئىي 12.1706 مىليون توننا خام نېفىت، 2.905 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلىپ، خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا 27 يىل مۇقىم ئاشقان.

## تارىم ئويمانلىقى

تارىم ئويمانلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ يەر مەيدانى 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ خىتتايدىكى نېفىت ـ تەبىئىي گاز چىقىدىغان ئەڭ چوڭ چۆكمە ئويمانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نېفىت ھاسىل قىلىش قاتلام سىستېمىلىرى ياخشى تەرەققىي قىلغان، قېلىن، شۇنداقلا كەڭ تارقالغان. نېفىتنىڭ كەلگۈسىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 11.34 تىرىليون كۇب مېتىر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نېفىت چارلاش ئومۇمىي جېڭىدە، 28 تەييار نېفىت ـ تەبىئىي گازلىق بايقالدى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، تارىمنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى نېفىت ھاسىل بولۇش تۈزۈلمىسىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى ھەمدە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ـ تەبىئىي گاز قۇدۇقلىرى قېزىپ چىقىلدى؛ تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى رايونلاردا ئون نەچچە چوڭ تىپتىكى پادىلىق قۇرۇلما بايقالدى. كۇچا تەۋەسىدە يېڭىدىن يەنە 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غايەت زور تېيىز قاتلاملىق قۇرۇقلۇق نېفىت ـ تەبىئىي گاز توپلانما بەلۋېغى بايقالدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا نېفىت تەبىئىي گاز چارلاشتىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى غايەت زور تىپتىكى نېفىت ـ تەبىئىي گاز چىقىدىغان ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلىپ بەردى.

## «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نىڭ مەنبەسى —— «قارا تۇمشۇق ــ2 » تەبئىي گازلىقى

تەكرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى باي ناھىيەسى تەۋەسىدە 47 كۋادرات كىلومېتىرلىق تار، ئۇزۇنچاق بىر دائىرە بار، بۇ يەرنىڭ مول، بىشىل ـ پاكىز تەبئىي گازى خىتتايغا مەشھۇر، بۇ يەر دەل داڭلىق « غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش » نىڭ مەنبەسى —— « قارا تۇمشۇق —— 2 » تەبئىي گازلىقى ھېسابلىنىدۇ.

«قارا تۇمشۇق —— 2» دە ئېنىقلانغان تەبئىي گاز زاپىسى 274.9 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ خىتاي بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق تەييار تەبئىي گازلىقى ۋە « غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش » تىكى ئاساسلىق گاز مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق گاز تەمىنلەش ئىقتىدارى 12 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ ، 30 يىلدىن ئارتۇق گاز تەمىنلەيدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن.

بۇ يەردە 1983-يىلى چارلاش باشلىنىپ، 1997- يىلى «قارا تۇمشۇق ——2» بۇرغىلاپ چىقىلدى. ھازىر 17 قۇدۇقتىن تەبئىي گاز ئېتىلىپ چىقماقتا.

«قارا تۇمشۇق —— 2» گازلىقىدىن چىققان تەبئىي گازنىڭ تەركىبىدە مېتان %96 كە يېتىدۇ ، ھىدروگېن سۇلفىد يوق، بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، گازنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يېتىدۇ .قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» تۇرۇبىسى گاز بىلەن تەمىنلەنگەندىن بۇيان، چاڭجياڭ دېلتىسىغا

يەتكۈزۈلگەن تەبىئىي گاز 20 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولۇپ، 1 مىليون توننىدىن ئارتۇق زىيانلىق ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان. شاڭخەينىڭ كۆك ئاسمىنىدا «قارا تۇمشۇق —— 2» نىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار.

## «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەدىكى سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى يىلىغا 12 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرۇبا لىنىيىسى ئەتراپىدىكى ۋە ئاخىرقى نۇقتىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجى كۈچلۈك بولغانلىقتىن يەتكۈزۈلىدىغان تەبىئىي گاز مىقدارى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. 2006-يىلى شەرقىي قىسىم تەمىنلەنگەن گاز 9.9 مىليارد كۇب مېتىر بولغان بولسا، 2007-يىلىغا بارغاندا 13.7 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى. ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، تۇرۇبا لىنىيەسى ئەتراپىدىكى ۋە ئاخىرقى نۇقتىدىكى رايونلارنى جەمئىي 30 مىليارد توننا تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەندى، بۇ 30 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولۇپ، 1.5 مىليون توننىدىن ئارتۇق زىيانلىق ماددىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان. تۇرۇبا لىنىيەسى ئەتراپىدىكى ۋە ئاخىرقى نۇقتىدىكى رايونلارنىڭ مۇھىتىنى ئاسراشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. نۆۋەتتە بۇ ئېنېرگىيە غول لىنىيەسى ھەر كۈنى سىرتقا 40 مىليون كۇب مېتىر گاز يەتكۈزۈپ، خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى 12 ئۆلكە، شەھەردىكى 80 دىن ئارتۇق شەھەرنىڭ 200 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنى نورمال گاز ئىشلىتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقتا.

تارىم ئويمانلىقىدا تەبىئىي گاز زاپىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى تېزدىن ئاشماقتا. 2007- يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 15.5 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، خىتاي بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. تارىم ئويمانلىقى« غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش » نىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شۇنداقلا .ئاساسلىق گاز مەنبەسى. 2007- يىلى 6 - ئايدا يېڭى مەھەللە تەبىئىي گازلىقىنىڭ گازى «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» غول لىنىيىسىگە كىرگۈزۈلدى، بۇ «غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»قۇرۇلۇشىدا دەسلەپتە پىلانلانغان تارىم ئويمانلىقىدىكى « بىر چوڭ، بەش ئوتتۇرا ھال » ئالتە تەبىئىي گازلىقىنىڭ ھەممىسىنىڭ پۈتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. يېڭى مەھەللە تەبىئىي گازلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن قارا تۇمشۇق —— 2، ياقا ۋە ساڭجىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىئىي گازلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق گاز يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى 15 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشۇرۇۋەتتى.

ئېچىش سالمىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى بىلەن، 2005- يىلى تارىم ئويمانلىقىدا نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 10 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، 2010- يىلىغا بارغاندا 15 مىليون توننىغا يېتىدۇ ، 2015- يىلى 20 مىليون توننىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 2005- يىلى 6 مىليارد كۇب مېتىر، 2007- يىلى 15.5 مىليارد كۇب مېتىر بولغان. 2010-يىلىغا بارغاندا 18 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

## تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى

تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىت ،تەبىئىي گاز چىقىدىغان ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنىڭ بىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىگە، تەڭرىتاغ تېزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئويمانلىقنىڭ يەر مەيدانى 48 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، نېفىتنىڭ كەلگۈسىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 8.6 مىليارد توننا، تەبىئىي گازنىڭ كەلگۈسىدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 200 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىق غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان. ئويمانلىقتا نېفىت، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش خىزمىتى 1954 ـ يىلى باشلانغان؛ 1983 ـ يىلى قايتىدىن قانات يايدۇرۇلغان؛ بۇ ئويمانلىق نېفىت، تەبىئىي گاز چارلاش تارىخىدىكى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ قالدى.

ئون نەچچە يىللىق نېفىت چارلاش ئومۇمىي جېڭى ئارقىلىق تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىدە نېفىت ،تەبىئىي گاز ئىچىش ـ چارلاش خىزمىتىدە مول گېئولوگىيەلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى : ئويمانلىقنىڭ يۇرا دەۋرى، بور دەۋرى ۋە ترىئاس دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان، ئوخشىمىغان نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسىدە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان نېفىت ئېقىمى تېپىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، پىچان، پۇشىن، شەنلى، خۇڭتەي، خۇڭلىيەن، لۈكچۈن قاتارلىق نېفىت ـ تەبىئىي گاز مول بەلباغ بايقالدى. بايقالغان ۋە ئېنىقلانغان نېفىت تەبىئىي گازلىق ئالتە بولۇپ، كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى نېفىت ـ تەبىئىي گازلىقلاردۇر.

تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىدە 2007 ـ يىلى ئېنىقلانغان

نېفىت ،تەبىئىي گاز زاپىسى ئايرىم ـ ئايرىم 12 مىليون توننا ۋە 3 مىليارد كۇب مېتىر ؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىليون كۇب مېتىر بولدى.

بۇ ئۈچ چوڭ ئويمانلىقتىن باشقا، سەنتاڭخۇ، قارا شەھەردىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقتا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ نېفىت تەبىئىي گاز تەركىبلىك تۈزۈلمە بايقالدى، ھەمدە نېفىت ـ تەبىئىي گاز بايلىقى ئېنىقلاندى ۋە ئېچىلدى. بۇنىڭدىن باشقا تۆت ئورۇندا مايلىق سلانېتس چىقىدىغان يەر بايقالدى. ئۇنىڭ مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 210 مىليون توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى، فۇكاڭ ئەتراپىغا ئاساسلىق تارقالغان پرىم دەۋرىگە مەنسۇپ يەر قاتلىمىدا كان قاتلىمىنىڭ قەۋەت سانى كۆپ، قېلىن، ماي تەركىبى 3.5% ~7.5% كىچە بولۇپ، ئاساسلىق كان رايونىدىن ئۈرۈمچى يامالىق تېغى، خۇمدانلىق، مىچۈەن ناھىيەسىدىكى لۇساۋگۇ قاتارلىقلار بار.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر بايلىقى

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كۆمۈر دۇنيا بويىچە مۇھىم ئاساسىي ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندا تۇرۇدۇ. خىتاي كۆمۈر بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى مول، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارى تۆۋەن، تەكشۈرۈلۈش دەرىجىسى تۆۋەن، تىجەشلىك قازغىلى بولىدىغان زاپىسى نىسبەتەن ئاز.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر بايلىق ئەۋزەللىكى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ بايلىقى مول، تارقىلىشى كەڭ، تۈرى تولۇق، كۆمۈر قاتلىمى قېلىن، سۈپىتى ياخشى، كۆمۈلۈشى تېيىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. كۆمۈر بار ئويمانلىق كۆلىمى 310مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، كۆمۈرنىڭ مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 2.19 تىرىليون توننا بولۇپ، كۆمۈرنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40.6% ىنى ئىگىلەپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇدۇ. 2007- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېنىقلانغان كۆمۈر بايلىقى زاپىسى 174.1 مىليارد توننا بولۇپ، خىتاي بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا، غەربىي شىمال رايونىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇدۇ. كۆمۈر ئاساسلىقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جەنۇبىي جۇڭغار، شەرقىي جۇڭغار، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ئويمانلىقى ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمال تەرەپ چېتىدىكى كۆمۈر

جۇغلانغان بىر نەچچە چوڭ ئويمانلىق ۋە كۆمۈرلۈكلەرگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى دۇنيا بويىچە چوڭ كۆمۈرلۈك ئويمانلىقىدۇر.

شەرقىي تۈركىستاندىكى 80% تىن ئارتۇق ناھىيىدە كۆمۈرلۈك بار. شەرقىي تۈركىستاندا كۆمۈردىن باشقا تورف بايلىقىمۇ بىر قەدەر مول بولۇپ، ئاساسلىقى تەڭرىتاغ رايونىدىكى ھازىرقى زامان كۆل سازلىق رايونلىرىغا تارقالغان. باغراش كۆلى ۋە ئىبىنۇر كۆلى رايونىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ رايونلاردىكى تورف ۋە ئىككىلەمچى تورفنىڭ بايلىق مىقدارى 108 مىليون توننىغا يېتىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستان كۆمۈرلىرىنىڭ تۈرى تولۇق بولۇپلا قالماي، سۈپىتىمۇ ياخشى، كۆمۈر تۈرلىرىدىن يالقۇنلۇق كۆمۈر، چاپلاشماس كۆمۈر، گاز، كۆمۈر، مايلىق كۆمۈر قاتارلىقلار بار بولۇپ، كۆلى ئاز، گۆڭگۈرت، فوسفور تەركىبى تۆۋەن، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بار. كۆمۈر تۈرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدە تۆۋەن مېتا مورفىك ئىسسىقلىق كۆمۈر كۆپ بولۇپ، مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارىنىڭ 10% نى ئىگىلەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستان كۆمۈرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدىكى يۇرا دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قەۋەت سانى كۆپ، ئازلىرىنىڭ 4 ~ 10 قەۋەت كۆپلىرىنىڭ 50 ~ 70 قەۋەت. كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 3 ~ 20 مېتىر، ئەڭ قېلىنلىرى 150 مېتىرغا يېتىدۇ. كۆمۈر تېيىز كۆمۈلگەن بولۇپ، قېزىش ئاسان، بەزىلىرىنى ئۈستى ئوچۇق ھالەتتە بىۋاسىتە قېزىۋالغىلى بولىدۇ .

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ «ئۈچ تاغ ئارىسىدا ئىككى ئويمانلىق» بولۇشتەك يەر شەكلى گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى مول كۆمۈرلۈكنى «بىر بەلباغ، ئۈچ ئويمانلىق » قا بۆلۈۋەتكەن؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئارقىلىق غەربتە ئىلى ئويمانلىقىغىچە، شىمالدا ئالتاي تېغىغىچە ،جەنۇبتا ئاقسۇغىچە بولغان ئەگرى- بۈگرى كەتكەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر دائىرە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر بايلىقى ئەڭ مول، غايەت زور كۆمۈر بەلۋېغىدۇر. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۆمۈرلۈكلەر قاتناش غول لىنيەسى ۋە سانائەت مەركەزلىرىگە يېقىن بولغاچقا، قېزىش ۋە توشۇش ئاسان، ھازىرغىچە ئېنىقلانغان كۆمۈر زاپىسى ئاساسلىقى جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى جىمسار - ئۈرۈمچى - شىخو ئەتراپى ۋە غەربىي شىمالدىكى قوشتولغاي، تۇرپان- قۇمۇل ئويمانلىقى، ئىلى ئويمانلىقى ۋە كۇچا - باي ئويمانلىقى قاتارلىق رايونلارغا مەركەزلەشكەن. ئاساسلىق كۆمۈرلۈكلەردىن جەنۇبىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى، شەرقىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى، قوشتولغاي كۆمۈرلۈكى، تۇرپان - قۇمۇل كۆمۈرلۈكى، غۇلجا كۆمۈرلۈكى، قاراشەھەر كۆمۈرلۈكى، كۇچا باي كۆمۈرلۈكى قاتارلىق 27 كۆمۈرلۈك (كۆمۈر چىقىدىغان يەر ۋە كۆمۈر كان نۇقتىسى) بار. بۇنىڭ ئىچىدە مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 10 مىليارد توننىدىن ئاشىدىغان كۆمۈرلۈكتىن 24ى بولۇپ، مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %98نى ئىگىلەيدۇ؛ شەرقىي جۇڭغار، غۇلجا كۆمۈرلۈكىنىڭ 300 مىليارد توننىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. تۇرپان - قۇمۇل كۆمۈرلىكىدە مۆلچەرلەنگەن بايلىق

مىقدارى 500 مىليارد توننىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇ دۇنياۋى چوڭ كۆمۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا كۆمۈر بايلىقى بىر قەدەر مول بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر قەدەر بۇرۇن باشلانغان، ھازىر بىر تۈركۈم كۆمۈر كانلار قۇرۇلۇپ بولدى، شۇنداقلار ئۇلار تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلماقتا.

«شەھەر ئاستىدىكى كۆمۈرلۈك» ——— ئۈرۈمچى كان رايونى، ئۇ ئۈرۈمچى شەرقىي كان رايونى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ غەربتە ئۈرۈمچى دەرياسىدىن باشلىنىپ، شەرقتە تېيىچاڭگۇدا ئاخىرلىشىدۇ. 114 كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە مۆلچەرلەنگەن كۆمۈر زاپىسى 3 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. بۇ كان رايونىدا كۆمۈر زاپىسى زور بولۇپلا قالماي، يەنە سۈپىتىمۇ ياخشى. دەريانىڭ غەربىدىكى لاۋمەنچىڭ رايونىدا قازغىلى بولىدىغان كۆمۈر 19 قەۋەت بولۇپ قېلىنلىقى 40 نەچچە مېتىر كېلىدۇ ؛ لىيۇداۋاندا قازغىلى بولىدىغان كۆمۈر 30 قەۋەت بولۇپ، قېلىنلىقى 80 مېتىرغا يېتىدۇ؛ تېيىچاڭگۇغا بارغاندا قېلىنلىقى 100 مېتىردىن ئاشىدۇ.

ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا قاراپ 130 كىلومېتىر ماڭغاندا، ئىۋىرغول كۆمۈر كېنىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئېۋىرغول كۆمۈر كېنى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 23.4 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 2 ~ 6 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 50 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېنىقلانغان زاپىسى 500 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە، ئەڭ چوڭ كوكس تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەلا

سۈپەتلىك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. ئۈنىڭدىن باشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تارانچى كۆمۈر كېنىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى خېلى بۇرۇنقى مۇھىم كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش رايونىدۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ «كۆمۈر دېڭىزى» دەپ نام ئالغان شەرقىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيەسى تەۋەسىدە بولۇپ، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قەۋەت سانى كۆپ، قېلىن، كۆمۈلۈشى تېيىز، سۈپىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرۇچە قېلىنلىقى 50 مېتىرغا يېتىدۇ. كۆمۈر تۈرلىرى چاپلاشماس كۆمۈر، يالقۇنلۇق كۆمۈرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دۆلىتىمىزدە كەم تېپىلىدىغان ئېنېرگىيە ئىشلىتىلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈر ۋە كۆمۈر خىمىيە سانائىتىنىڭ ياخشى خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي جۇڭغار كۆمۈرلىكىدە مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارى 390.2 مىليارد توننا، نۆۋەتتىكى چارلاش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە ئاساسەن، بۇ رايون شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئەڭ چوڭ كۆمۈر ئېلېكتر ۋە كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىستېمال بازىرىدىن يىراق بولۇپ، كۆمۈرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا توشۇش تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كۆمۈر ئېلېكتر ۋە كۆمۈر خىمىيە سانائىتى قاتارلىق مەھسۇلات شەكلىدىكى بايلىق

ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى ياكى تۇرۇبا ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىنى تەمىنلەشتەك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەرقىي جۇڭغار كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېڭىچە سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رولى بار.

2007 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 48 مىليون توننا بولدى، 2008 ـ يىلى 56 مىليون توننىغا، 2010 ـ يىلىغا بارغاندا 150 مىليون توننىغا يېتىدۇ . 2020 ـ يىلىغا بارغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يىللىق كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 20% ىدىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەپ، 1 مىليارد توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا يۇقىرىقى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي جۇڭغار، ئىلى، تۇرپان ـ قۇمۇل ۋە كۇچا ـ بايدىن ئىبارەت تۆت چوڭ كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ۋە كۆمۈرنى كوكسلاشتۇرۇش بازىسى ھەمدە ئۈرۈمچى، تارانچىدىن ئىبارەت 13 نۇقتىلىق كان رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، 10 مىليون توننىلىق خاك ۋە 100 مىليون توننىلىق چوڭ تىپتىكى كان رايونى بەرپا قىلىشنىڭ كونكېرت پىلانى ھەم تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى.

نۆۋەتتە ختايدىكى كۆمۈر كارخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ جايلىشىپ، كۆمۈر بايلىقىنى ئېچىشقا باشلىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كەلگۈسىدە ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۈرى مول مېتال قېزىلما بايلىقلىرى

## مول قارا مېتال قېزىلما بايلىقلىرى

قارا مېتال قېزىلما بايلىقلىرى پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى، ئۇ تۆمۈر، مانگان، خروم، ۋانادىي ۋە تىتان قاتارلىق بەش خىل مېتالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەش خىل قارا مېتال قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندا بايقالغان ھەمدە بەلگىلىك بايلىق زاپىسىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان، بولۇپمۇ تۆمۈر رۇدىسى ۋە خروم رۇدىسى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ گەۋدىلىك ئەۋزەل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## تۆمۈر رۇدىسى

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۆمۈر رۇدا بايلىقى مول بولۇپ، تارقىلىشى كەڭ تۈرى تولۇق، باي رۇدا كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ھازىرغىچە تۆمۈر رۇدا نۇقتىسىدىن 1100 دىن ئارتۇقى بايقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بايلىق زاپىسى 1 مىليون توننىدىن ئارتۇق بولغان كان ياتمىسىنىڭ 53 ى، چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتمىسىدىن 20 سى بار. نۆۋەتتە ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى مەملىكىتىمىز بويىچە 5 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، غەربىي شىمال رايونىدا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. تۆمۈر

رۇدا بايلىقى زاپىسىنىڭ 80% ى تەڭرىتېغىغا، ئۇنىڭدىن قالسا ئالتاي تېغى، غەربىي كوئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغلارغا تارقالغان. مۇھىم كان ياتمىسىدىن قۇمۇل شەھىرىدىكى يامانسۇ، سىخەي، تىيەنخۇ قاتارلىق تۆمۈر كانلىرى، پىچان ناھىيىسىدىكى ۋۇتۇڭگۇ جىيەنسەن تۆمۈر كانلىرى، خېجىڭ ناھىيەسىدىكى چاغاننۇر تۆمۈر كېنى، موتۇسالا تۆمۈر-مانگان كېنى، كۇنەس ناھىيىسىدىكى شىكىبۇتەي تۆمۈر كېنى، كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى مېڭگۇ تۆمۈر كېنى، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى چىلەكچى تۆمۈر كېنى قاتارلىقلار بار. مۇرەككەپ گېئولوگىيەلىك كان شەكىللەندۈرۈش شارائىتى كۆپ خىل تۈردىكى تۆمۈر كان ياتمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگەرگەن چۆكۈندىلىك ۋە يانار تاغ مۇناسىۋەتلىك بولغان كان ياتمىسى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆمۈر رۇدا بايلىقىنىڭ ساقلىنىۋاتقان زاپىسى 862.664 مىليون توننا (2007-يىلدىكى ئىستاتىستىكا يىلنامىسىدىكى سانلىق مەلۇمات). ئېنىقلانغان تۆمۈر رۇدا بايلىق زاپىسى ئىچىدە ئۇنۇملۇك رۇدا تەخمىنەن تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۇنۇملۇك رۇدا نىسبىتى 5.7% بولۇشتەك سەۋىيەسىدىن كۆپ يۇقىرى، بۇ شەرقىي تۈركىستان تۆمۈر رۇدىلىرىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىدى. ھەرخىل تۆمۈر رۇدىلىرى ئىچىدە ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى 60% نى، سىدېرىت 20% نى، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى 14% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ بايلىقلار ئاساسىدا كۆكتوقاي ناھىيەسى، مېڭگۇ تۆمۈر كېنى، قۇمۇل سىخەي تۆمۈر كېنى، قۇمۇل يامانسۇ تۆمۈر كېنى، كۇنەس شىكىبۇتەي تۆمۈر كېنى، خېجىڭ موتۇسالا تۆمۈر-مانگان كېنى قاتارلىق كانلار قۇرۇلۇپ، تۆمۈر رودىسىنى قېزىش مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئاشتى، بۇلار ئاساسلىقى باۋگاڭ گۇرۇھى «1-ئاۋغۇست»

پولات تۆمۈر باش شىركىتى ۋە ئىلى پولات تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىقلارنى تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر رۇدا بايلىقى يەنىمۇ ئېچىلىدۇ .

## خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى

خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى دۆلىتىمىزدە قىس رۇدا تۈرى بولۇپ، زاپىسى ئاز، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، يىللىق ئىستېمال مىقدارىنىڭ 80% تىن ئارتۇقى ئىمپورتقا تايىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خىتاي بويىچە خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى چىقىدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ بىرى.

خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى ئۇلترا ئۇل جىنىستىن چىقىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مەلۇم بولغان ئۇل جىنس ۋە ئۇلترا ئۇل جىنىستىن 700 دىن ئارتۇقى بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8245 كىۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 20 سىدە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان خروملۇق تۆمۈر مىنېرال جىسمى بايقالغان. خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى بار ئۇلترا ئۇل جىنس بەلۋىغىدىن توققۇزى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتى غەربىي جۇڭغارغا، ئىككىسى شەرقىي جۇڭغارغا، قالغانلىرى تەڭرىتاغ ۋە ئالتۇنتاغلارغا تارقالغان.



شەرقىي تۈركىستاننىڭ خروملۇق تۆمۈر رۇدا بايلىقىنىڭ ساقلىنىۋاتقان زاپىسى 1.828 مىليون توننا بولۇپ، 98% ى غەربىي جۇڭغار رايونىغا مەركەزلەشكەن، بولۇپمۇ تولى ناھىيەسىدىكى سارتوقاي خروملۇق

تۆمۈر رۇدىسى كان ياتىمىسى بىرقەدەر چوڭ. بۇ رايوندىكى خروملۇق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ ئالىيۇمىن تەركىبى يۇقىرى، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدۇ. سارتوقاي خروملۇق تۆمۈر كېنى قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، يىللىق رۇدا مىقدارى 10 مىڭ توننىدىن ئارتۇق. ئۇ خىتايىنى تەمىنلەش بىلەن بىللە ياپونىيەگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. بۇ كاننىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، رۇدىنىڭ سۈپىتى ياخشى، زاپىسى كاپالەتكە ئىگە، مەھسۇلات مىقدارىمۇ بىر قەدەر مۇقىم. ئەگەر خروملۇق تۆمۈر رۇدىسى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ پىششىقلاپ ئىشلەنسە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، خروملۇق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق.

## مانگان رۇدىسى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مانگان بايلىقى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ،ئاپتونوم رايون ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا، خىتاي بويىچە سەككىزىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مەلۇم بولغان رۇدا چىقىدىغان ئورۇندىن 60 تىن ئارتۇقى بار. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مانگان رۇدا بايلىقىنىڭ ساقلىنىۋاتقان زاپىسى 10.4538 مىليون توننا بولۇپ، ئاساسلىقى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە خېجىڭ ناھىيىسىدە ئوتتۇرا كۆلەملىك كان ياتىمىسىدىن بىرى، كىچىك كۆلەملىك كان ياتىمىسىدىن ئىككىسى، رۇدا نۇقتىسىدىن بىرى بار، مانگان رۇدىسىنىڭ ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى ئاپتونوم رايونىمىز مانگان رۇدىسى ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ

50.5%دىنى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى مانگان رۇدىسى بايلىقىنى ئىگىلەش نىسبىتىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدە ئوتتۇرا كۆلەملىك كان ياتمىسىدىن بىرى، كىچىك كۆلەملىك كان ياتمىسىدىن ئىككىسى بايقالدى، ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى ئاپتونوم رايونىمىز مانگان رۇدىسى ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ 40.5% نى ئىگىلەپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى باي - كۇچا رايونىدا كىچىك كۆلەملىك كان ياتمىسىدىن بىرى، رۇدا نۇقتىسىدىن بىرى بولۇپ، ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى شەرقىي تۈركىستان مانگان رۇدىسى زاپىسىنىڭ 5.35%دىنى ئىگىلەيدۇ. خوتەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە ئېنىقلانغان بايلىق زاپىسى شەرقىي تۈركىستان مانگان رۇدىسى ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2.26%ى ۋە 1.4% نى ئىگىلەيدۇ. قۇمۇل ۋىلايىتىدە گەرچە كان ياتمىسى شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مىنېرال جىسىملارنىڭ كۆمۈلۈشى تېيىز، قاتناش قولايلىق، يەنە ئوكسىدلانغان مانگان رۇدىسىدىن پايدىلىنىش ئاسان بولغاچقا، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق مانگان رۇدىسىنى قېزىش رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شەرقىي تۈركىستاندا مانگان رۇدىسىنىڭ كان شەكىللەندۈرىدىغان گېئولوگىيەلىك ئالامىتى ئاددىي. ئاپتونوم رايونىمىزدا شەكىللەنگەن قەدىمىي ھايات ئېراسىدىكى يانار تاغ پائالىيىتى كۈچلۈك ئارال يايلىق بەلباغ ۋە يايسىمان جىلغىلىق سىستېما مۇھىتى مانگان رۇدىسىنىڭ كان بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق مۇھىت ھېسابلىنىپ، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن يانار تاغ چۆكۈندىسى تىپىدىكى مانگان كاربونات رۇدىسىنىڭ زاپىسى ئاپتونوم رايونىمىز مانگان رۇدىسى ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 90% نى ئىگىلەيدۇ. سانائەتتە ئىشلىتىشكە ئاسان

بولغان ئوكسىدلانغان مانگان رۇدىسى گۇما ناھىيەسىدىكى دۇۋا مانگان كېنىدا ۋە باي ـ كۇچا رايونىدىكى قىسمەن مانگان رۇدىسىدا بايلىق زاپىسى بولۇشتىن باشقا، چوڭ مانگان كېنى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە مانگان رۇدىسى يەنىلا قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

رۇدا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرى

رەڭلىك مېتال مىس، قوغۇشۇن، سىنك، ئاليۇمىن، ماگنىي، نىكېل، كوبالت، ۋولفرام، قەلەي، مولىبدىن، بىسمۇت، سىماب، سۈرمە قاتارلىق 13 خىل ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ تۈرى تولۇق، تارقىلىشى كەڭ، تىپى كۆپ، كان شەكىللىنىش شارائىتى ياخشى. يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەرخىل رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي تۈركىستاندا بايقالغان بولۇپ، ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىغا تارقالغان. رايونلار بويىچە تارقىلىش جەھەتتە كۆپىنچە مەلۇم بىر خىل ياكى نەچچە خىل قېزىلما بايلىق توپلىشىپ پەيدا بولۇش، بۆلەكلەر بويىچە مەركەزلىشىشتەك ئالاھىدىلىك كۆرۈلگەن ھەمدە كان بەلبېغى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا بەزى قېزىلما بايلىقلار بىللە ھاسىل بولغان ياكى ئورتاق



مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن: مىسلىق نىكىل، مىس ـ قوغۇشۇن ـ سىنك، مىس ـ تۆمۈر قاتارلىق ئۇنىۋېرسال كان ياتمىلىرى، بۇنداق تارقىلىش ئالاھىدىلىكى كان ياتمىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە گېئولوگىيەلىك چارلاش ۋە ئېچىشقا قولايلىق.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلار گېئولوگىيىسى خىزمىتى كېچىكىپ باشلانغان، چارلاش دەرىجىسى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئېنىقلانغان نىكېل رۇدىسى زاپىسى خىتاي بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، شۇنداقلا مىس، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار چىقىدىغان بىر تۈركۈم ئىستىقباللىق يېڭى ئورۇنلار بايقالدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم رەڭلىك مېتال بايلىق بازىسى بولۇپ قېلىشى تەبىئى.

## مىس رۇدىسى

مىس رۇدىسى شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ تارقالغان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىس رۇدا بايلىقىنىڭ زاپىسى ساقلىنىۋاتقان زاپىسى 2.2355 مىليون تونىنا بولۇپ، ئاساسلىقى ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تېغى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە تارقالغان، تارقىلىش نۇقتىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، تۈرى تولۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شەرقىي تۈركىستان بويىچە مىس رۇدا نۇقتىسى (كان ياتمىسى) دىن 500 دىن ئارتۇقى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تىپتىكى مىس كېنىدىن ئالتىسى، كىچىك تىپتىكى مىس كېنىدىن 20 سى بار.

شەرقىي تۈركىستاندا مىس رۇدىسى قېزىش تارىخىنى ئەڭ بالدۇر بولغاندا يىغىلىق دەۋرىگە باغلاشقا بولىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 600 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 400 ـ يىللارغىچە بولغان ۋاقىتتا، ئىلى رايونىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە مىس كېنى قېزىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا يارماق قۇيۇش ئۈچۈن باي ناھىيەسىكى دىشۇي مىس كېنى، كۇچا ناھىيەسىدىكى چاقماس مىس كېنى قېزىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي تەزكىرىسى» 9 ـ جىلدتىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ئالتە شەھەر ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان مىس 7200 جىڭدىن ئارتۇق، قۇيۇپ چىقىرىلغان يارماق 8.9 مىليون دانە بولغان.

## نىكېل رۇدىسى

2007 ـ يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىكېل رۇدا بايلىقىنىڭ ساقلىنىۋاتقان زاپىسى 965.9 مىڭ توننا بولۇپ، ئاساسلىقى كۆكتوقاي، قۇمۇل، تېكەس قاتارلىق ناھىيە شەھەرلەرگە تارقالغان. نىكېل رۇدىسى چىقىدىغان ئورۇندىن 30 دىن ئارتۇقى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى كان ياتمىسىدىن ئۈچى، ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتمىسىدىن تۆتى بار، ئېنىقلانغان زاپىسى خىتاي بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ نىكېل رۇدىسى كان ياتمىسىنىڭ تىپى ماگما ئېرىپ بۆلۈنۈش تىپى ۋە سىڭىپ كىرىش تىپىدىن ئىبارەت بىرلا خىل بولغان مىس ـ نىكېل سۇلفىدلىق قان ياتمىسى بولۇپ، كان ياتمىسى ئۇل جىنس ۋە ئۇلترا ئۇل جىنىستىن چىقىدۇ، ئالتۇن، كۇمۇش، پلاتىنا قاتارلىق يارامىلىق ئېلېمېنتلار بىلەن بىللە ھاسىل بولىدۇ، بۇلاردىن ئۈنۈملىك پايدىلانغىلى

پايدىلانغىلى بولىدۇ. مۇھىم كان ياتىملىرىدىن كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى قاراتۇڭكې، قۇمۇل شەھىرىدىكى خۇاڭشەن، تېكەس ناھىيىسىدىكى چىمبۇلاق قاتارلىق كان ياتىملىرى بار. قاراتۇڭكىدە مىسلىق نىكېل رۇدىسىنىڭ كۆمۈلۈشى تېيىز، سۈپىتى ياخشى بولۇپ رۇدا تەركىبى 3% تىن ئارتۇق بولغان ئالاھىدە ئۈنۈملۈك رۇدا كان رايونى زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ .

## باشقا رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرى

قوغۇشۇن بىلەن سىنك كان ياتىمىسىدا كۆپىنچە ئۆزئارا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا قوغۇشۇنلۇق سىنك رۇدىسى ئالتاي، كۆكتوقاي، ئاتۇش، ئاقتۇ، ئۇلۇغچات ،غۇلجا، خېجىڭ، قۇمۇل، توقسۇن، پىچان قاتارلىق ناھىيە شەھەرلەرگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتىمىسىدىن ئۈچى، كىچىك تىپتىكى كان ياتىمىسىدىن 17 سى بار.



قەلەي، ۋولفرام، ئاليۇمىن، مولىبدىن، كوبالت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار چىقىدىغان بىر تۈركۈم جايلار بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، رۇدا شەكىللەندۈرىدىغان پايدىلىق گېئولوگىيەلىك شارائىتى بار، ئېچىش ئىستىقبالى پارلاق.

## مېتاللارنىڭ سەركىسى ــ قىممەت مېتال قېزىلما بايلىقلىرى

قىممەت مېتال قېزىلما بايلىقلىرى ئالتۇن ـ كۆمۈش ۋە پىلاتىنا گۇرۇپپىسىدىكى ئېلېمېنتلار (پىلاتىنا رۇدىسى، پاللادىي رۇدىسى، ئىرىدىي رۇدىسى، رودىي رۇدىسى، ئوسمىي رۇدىسى، رۇتېنىي رۇدىسى) قاتارلىق سەككىز خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەن قىممەت مېتال قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي تۈركىستاندا بايقالغان، ئۇلار ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن رۇدىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ بىرى. شەرقىي تۈركىستاندا ئالتۇن قېزىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئىلگىرى بىر مەزگىل گۈللەنگەن. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئالتۇننى گېئولوگىيەلىك چارلاش خىزمىتىدىمۇ دەۋر بۆلگۈچ ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، زور بىر تۈركۈم ئالتۇن كانلىرى بايقالدى ۋە ئېنىقلاندى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتۇنچىلىق كەسپى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تېخىمۇ زور ئىجابىي رول ئوينىغۇسى.

# ئالتۇن رۇدىسى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم ئالتۇن بايلىق بازىسى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتۇن رۇدا بايلىقى مول، تۈرى خىلمۇخىل، چىقىدىغان ئورنى كۆپ، تارقىلىشى كەڭ بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان ئالتاي تېغى، شەرقىي ـ غەربىي جۇڭغار، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغ ۋە باشقا ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىنىڭ تاغ باغرىغا تارقالغان، بولۇپمۇ ئالتاغ تېغى، شەرقىي ـ غەربىي جۇڭغار ۋە بۇلاقنۇر تېغى ئەڭ مۇھىم ئالتۇن رۇدىسى شەكىللىنىش بەلۋېغىدۇر. شەرقىي تۈركىستاندا 2007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەلۇم بولغان بايلىق زاپىسى بولغان كان ياتىمىسىدىن 111ى بولۇپ، ئېنىقلانغان زاپىسى ئاساسلىقى ئالتاي تېغى، شەرقىي ـ غەربىي جۇڭغار پاسىل تېغى، تەڭرىتاغ ۋە غەربىي كۇئېنلۇن تېغى ـــ ئالتۇنتاغ قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك تارقالغان. ئالتۇن رۇدىسى گەرچە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى 87 ناھىيە شەھەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ 90% ى ئالتاي ،ئىلى، تۇرپان، تارباغاتاي ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان، تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. غۇلجا ناھىيەسىدىكى ئاشى ئالتۇن كان ياتىمىسى، پىچان ناھىيەسىدىكى ماتۇنەن ئالتۇن كان ياتىمىسى، قابا ناھىيەسىدىكى دولاناساي ئالتۇن كان ياتىمىسى ،تولى ناھىيەسىدىكى خاتۇ ئالتۇن كان ياتىمىسى ۋە گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى شۋاڭچۈەن ئالتۇن كېنى قاتارلىقلار شەرقىي تۈركىستاندا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق بازىلار.

شەرقىي تۈركىستاندا ئالتۇن رۇدىسى قېزىش تارىخى ئۇزۇن. مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلىنىشىچە، 17 ـ

ئەسىردە ئالتۇن شۇ ۋاقىتلاردا قېزىپ پايدىلىنىلغان بەش خىل قېزىلما بايلىقنىڭ بىرى بولغان. شەرقىي تۈركىستاندا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، يەنى چىڭ سۇلالىسى جىياچىڭ، شىيەنفېڭ، دەۋگۇاڭ يىللىرىدىن تۇڭجى يىللىرىغىچە، ئالتۇن قېزىش ئەڭ گۈللەنگەن. تولى ناھىيەسى زايىر تاغدىكى تاغ جىنسلىق ئالتۇن كانى، ئالتاي ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى كېپەك ئالتۇن كانلىرى قەدىمكى زاماندىكى ئالتۇن كانى، ئالتاي ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى كېپەك ئالتۇن كانلىرى قەدىمكى زاماندىكى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان داڭلىق رايونلار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي تېغىدىكى شىنجىنگۇ چوڭ دانچە ئالتۇن ۋە كاللەك ئالتۇنلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئىلگىرى 240 سەر (7500گىرامغا باراۋەر) كاللەك ئالتۇن قېزىۋېلىنغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن ئالتۇن قېزىش كۆپىنچە ئالتاي تېغى، شەرقىي ـ غەربىي جۇڭغار ۋە خوتەن ۋىلايىتىدە كىچىك كۆلەمدە يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، زاپاس كان بازىسى كەمچىل بولغاچقا، مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم بولماي كەلگەن. 80 ـ يىللاردىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتۇنغا قارىتىلغان گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتىدە دەۋر بۆلگۈچ ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، زور بىر تۈركۈم ئالتۇن كانلىرى بايقالدى ۋە ئېنىقلاندى. ئالتۇن رۇدىسىنىڭ ھازىر ئېنىقلانغان زاپىسى 80 ـ يىللاردىن بۇرۇنقىسىنىڭ 5 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە باراۋەر كېلىدۇ. زور مىقداردىكى ئالتۇن كان ياتمىسىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئېنىقلىنىشى بىلەن ھەرخىل خاراكتېردىكى چوڭ كىچىك ئالتۇن كانلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا تارباغاتاي، ئالتاي، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان ۋە سانجىدىن ئىبارەت ئالتە مۇھىم ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش رايونى شەكىللىنىپ، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش

ئىقتىدارىغا ئىگە ئالتۇن كان كارخانىسىدىن 52 سى قۇرۇلدى. 2007-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بارلىق رۇدا يىغىۋېلىش زاۋۇتلىرىنىڭ كۈنلۈك ئومۇمىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 7500 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۈنلۈك بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 500 توننىدىن ئارتۇق بولغان كاندىن ئاشى ئالتۇن كېنى قاتارلىق بەش كارخانا بار. قۇرۇلۇۋاتقان بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئالتۇن كانلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتۇنچىلىق كەسپى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تېخىمۇ زور رول ئوينىغۇسى.

## كۆمۈش رۇدىسى

تەبىئەتتە كۆمۈشنىڭ يەككە رۇدىسى بىر قەدەر ئاز. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈش رۇدىسىغا قارىتىلغان گېئولوگىيەلىك چارلاش خىزمىتى بىر قەدەر كېيىن باشلانغان، 2001-يىلى پىچان ناھىيەسىدە بايقالغان ۋېيچۈەن كۆمۈش كېنى. شەرقىي تۈركىستاندا تەركىبىدە كۆمۈش كان ياتمىسى خېلى كۆپ بايلىق زاپىسى ئېنىقلانغان كان ياتمىسىدىن 41 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بايلىق زاپىسى 200~1000 توننا بولغان ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتمىسىدىن بىرسى بار، كۆمۈش بايلىقىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئومۇمىي زاپىسى 3986.68 توننىغا يېتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا كۆمۈش رۇدا بايلىقى زاپىسى ئاساسلىقى ئالتاي تېغى بىلەن تەڭرىتېغى رايونىغا مەركەزلىك تارقالغان بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈش رۇدىسى ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 51% ۋە 48% ىنى ئىگىلەيدۇ ،كۆمۈش رۇدىسى بايلىق زاپىسىنى ھەرقايسى مەمۇرىي رايونلار بويىچە تېزغاندا ئالتاي ۋىلايىتى

1 ـ ئورۇننى ئىگىلەپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈش رۇدىسى ئومۇمىي بايلىق زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 51.3% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئىلى ۋىلايىتى 34.4%نى، قۇمۇل ۋىلايىتى 9.7% نى، تۇرپان ۋىلايىتى 3.3% نى،بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 0.8% نى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 0.8% نى ئىگىلەيدۇ.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقلىرى خوتەن قاشتېشى

### خوتەن قاشتېشى چىقىدىغان جايلار ۋە خوتەن قاشتېشىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

ئەتىۋارلىق خوتەن قاشتېشى ئاساسلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى كوئىنلۇن تاغ تىزمىسىغا تارقالغان. قاشتاش غەربتە قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىكى ئەندىر تېغى ۋە ئازار تېغىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى سانجۇ تېغى، تېكىلىكتاغ، لىيۇشى تېغىدىن ئۆتۈپ، شەرقتە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى سۇلامۇنىڭ تېغىغىچە سوزۇلغان 1500 كىلومېتىردىن ئارتۇق دائىرىدىن چىقىدۇ، ئاساسلىقى خوتەن ۋىلايىتىدىن چىقىدۇ. خوتەن دەرياسىنىڭ ئىككى تارماق ئېقىنى بولۇپ، بىرى يورۇڭقاش دەرياسى، يەنە بىرى قاراقاش دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، قاشتېشى بىلەن داڭ چىقارغان. ئەمەلىيەتتە خوتەن قاشتېشىنىڭ خىمىيەلىك تەركىبى سۇ تەركىبلىك كالتسىي ماگنىي سىلىكات بولۇپ سۈزۈك ئامفىبول بىلەن ئاكتىنولىت قاتارلىق مىنېرال ماددىلاردىن تۈزۈلگەن. شۇنداقلا تەركىبىدىكى مىكرو مىقداردىكى دىئوپسىد،

سىرپىنتىن، گرافىت، ماگنىت قاتارلىق مىنېرال ماددىلار ئاق، يېشىل، قارا رەڭلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قاشتاشنىڭ كۆپ قىسمى بىر خىل رەڭلىك بولۇپ، ئاز بىر قىسمى ئارىلاشما رەڭلىك، سۈزۈك كېلىدۇ. خوتەن قاشتېشى ئۆزگىچە بىر خىل پارقىراقلىققا ئىگە بولۇپ، پارقىراقلىقى ئەينەك، ياغ ۋە شامنىڭ پارقىراقلىقى ئارىسىدا بولىدۇ، ئۈزۈن تالالار كىرىشىپ كەتكەنىدەك قۇرۇلمىدا كۆرۈنىدۇ ،ئەۋرىشىملىكى چوڭ بولىدۇ. خوتەن قاشتېشى ئىنتايىن سىلىق كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ گۈزەللىكى پارقىراقلىقىدا، رەڭگىنىڭ تەكشىلىكىدە يېقىملىق ۋە ياغدەك سىپتىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ نەپىسلىكى، سىلىقلىقى، رەڭگىنىڭ پاكىزلىقى، «ياغدەك تۇرقى، ئىچ - ئىچىدىن پارقىراقلىقى، يېقىملىقلىقى، سىزىقلىرىنىڭ زىچلىقى ۋە ئاۋازىنىڭ جاراڭلىقلىقى » بىلەن ئەنئەنىۋى قاشتاشلارنىڭ ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇرۇدۇ. قاشتاش ئادەتتە قاتتىق قاشتاش ۋە يۇمشاق قاشتاش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ، يېشىل قاشتاش قاتتىق قاشتاشقا، خوتەن قاشتېشى يۇمشاق قاشتاشقا تەۋە. خوتەن قاشتېشى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەر بويىچە يەنە ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. خوتەن قاشتېشى چىقىش ئەھۋالىغا ئاساسەن قوللاق قاشتېشى، تاغ قاشتېشى ۋە دەريا قاشتېشىغا بۆلىنىدۇ؛ رەڭگىگە ئاساسەن ئاق، كۆك، سېرىق، قارا قاتارلىق تۆت خىل ئاساسىي رەڭلەرگە، يەنى ئاق قاشتاش، كۆك قاشتاش، سېرىق قاشتاش، قارا قاشتاشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆتكۈنچى رەڭلىكلىرىمۇ بار. مەسىلەن: كۆكۈش قاشتاش، كۆلرەڭ قاشتاش، قارامتۇل يېشىل قاشتاش قاتارلىقلار.

خوتەن قاشتېشىنىڭ ھەر بىر چوڭ تۈرىنى يەنە نۇرغۇن تارماق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، مەسىلەن : ئاق قاشتاشنىڭ

ئىچىدە قوي ياغ قاشتاش، ئاق ئەتىر گۈل رەڭ قاشتاش، بىلىق قورسىقى رەڭ قاشتاش، نەشپۈت چېچىكى رەڭ قاشتاش، توخۇ سۆڭىكى رەڭ قاشتاش، موم رەڭ قاشتاش قاتارلىقلار بولۇپ، نامى كۆپ، ئاتىلىشىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى قوي ياغ قاشتاش، ئۇ خوتەن ئاق قاشتېشى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل تۈر بولۇپ، ئالىي سۈپەتلىك ئاق قاشتاشقا تەۋە. قوي ياغ قاشتاشنىڭ رەڭگى ياغ رەڭگىدە بولۇپ، پارقىراق، ساپ، سىلىق، يېقىملىق، ئۇ قوي يېغىدەك ئاق بولغاچقا قوي ياغ قاشتاش دەپ نام ئالغان. بۇ خىل قاشتاش ئىنتايىن ئاق بولۇپ، كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ، «تارىختا ئاق قاشتاشنىڭ جەۋھىرى »، «قاشتاشلارنىڭ سەركىسى » دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى تاپماقمۇ ئىنتايىن تەس.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا ئېسىل تاشلىرى

شەرقىي تۈركىستاندىن گۈزەل قاشتاشلار چىقىپ قالماي، يەنە ياقۇت ۋە رەڭلىك تاشلارمۇ چىقىدۇ. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا بايقالغان ياقۇت، قاشتاش ۋە رەڭلىك تاش قاتارلىقلارنىڭ تۈرى 60 خىلدىن ئاشىدۇ، چىقىدىغان يەر 90 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ياقۇت 13 تۈر بويىچە 36 خىل بولۇپ ئاساسلىقى ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە كوئېنلۇن تېغىدىن چىقىدۇ. ياقۇتتىن بېرىل، تۇرمالىن، گارنېت، ئالماس، ئادامانتىن سىپار ۋە باشقا تۈرلەردىكى ياقۇتلار بار.

بېرىلنىڭ سۆزلۈكى ياقۇت بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئۈچ

تۇرگە بۆلىنىدۇ : زۇمرەت بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ياقۇت بولۇپ، ياپيېشىل رەڭلىكى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. كۆك ياقۇت، ئۇ كۆك رەڭنىڭ قېنىق سۇسلىقىغا قاراپ، يەنە سۇس كۆك رەڭ ۋە قېنىق كۆك ياقۇتلارغا بۆلىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياقۇتقا تەۋە. يېشىل ياقۇت بېرىل تۈرىدىكى باشقا رەڭدىكى ھەرخىل ياقۇتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قىپقىزىل، ساپسېرىق، بىنەپشە، سارغۇچ، رەڭسىز يېشىل ياقۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ باھاسى، سۈپىتى ۋە رەڭگىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بېرىل تۈرىدىكى ياقۇتلار شەرقىي تۈركىستاندا بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە ياقۇتلار بولۇپ، ئۇنىڭ كان نۇقتىسى كۆپ، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى. ئۇ ئاساسلىقى ئالتاي تېغىدىن چىقىدۇ. ئالتاي تېغىدا گرانىتلىق پېگماتىت تاغ جىنىس ياتمىسى 100 مىڭدىن ئاشىدۇ، نۇرغۇن تاغ جىنىس ياتمىلىرىدىن ئازدۇر-كۆپتۇر ياقۇت چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن تېغىدىكى گرانىتلىق پېگماتىت تاغ جىنىس ياتمىلىرىدىنمۇ ياقۇت چىقىدۇ.

تۇرمالىن تۈرىدىكى ياقۇتلار ئادەتتە ئارىلاشما ياقۇت دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئارىلاشما ياقۇتلىرىنىڭ رەڭگى كۆپ خىل، سۈپىتى ياخشى، ئۇلار قىپقىزىل، ھالرەڭ، قىزىل، يېشىل، بىنەپشە، كۆك، سېرىق ۋە رەڭسىز قاتارلىق سۈزۈك كرىستاللاردىن ئىبارەت بولۇپ، باھاسى، رەڭگى ۋە چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. باشقا رەڭ ئارىلاشمىغان قىزىل ۋە قىپقىزىل ئارىلاشما ياقۇت ئەلا سۈپەتلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئارىلاشما ياقۇت ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياقۇتقا تەۋە، ئۇ چىقىدىغان جاينىڭ ئەھۋالى بېرىل تۈرىدىكى ياقۇتلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش، شۇنداقلا كۆپىنچە ئورتاق مەۋجۇت بولۇش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ، ئۇ ئاساسلىقى ئالتاي تېغىدىن چىقىدۇ.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاق رەڭلىك كەسىپ

## كالىي تۇزى

شەرقىي تۈركىستان لوپنۇر كۆلىنىڭ مول كالىي تۇزى بايلىقىغا تايىنىپ، «خىتتاي تۇز خېمىيە سانائىتى شەھىرى» قۇرۇپ، كالىي تۇزى ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلىرىنى ئۈنۈۋېرسال ئېچىپ، كالىي نىترات، ماگنىي سۇلفات، بورىك كىسلاتا، ماگنىي ئوكسىد، ماگنىي خلورىد قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىپ خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان چاقىلىق لوپنۇر كۆلى پۈتۈن خىتاي بويىچە كالىي تۇزى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە تۇز خىمىيە سانائىتى بازىسى بولۇپ قالدۇ.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا مىتاللۇئىد قېزىلما بايلىقلىرى

2007-يىلى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ناتىرىيلىق سېلىترا كانىدىن بەشى بايقالدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە باھالىنىپ چىقتى، بۇنىڭ مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 70.9 مىليون توننىغا يېتىدۇ، بۇنىڭغا 2006-يىلى پىچان ناھىيەسى قۇمتاغ ناتىرىيلىق سېلىترا كانىدىن ئېنىقلانغان بايلىق مىقدارىنى قوشقاندا 184 مىليون توننىغا يېتىدۇ. نۆۋەتتە شەرقىي شەرقىي تۈركىستان رايونىدا ئېنىقلانغان ناتىرىيلىق سېلىترا كان بايلىقى مىقدارى 250 مىليون توننا بولۇپ، شەرقىي شەرقىي تۈركىستان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ناتىرىيلىق سېلىترا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى.

شەرقىي تۈركىستاندا خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى چىقىدىغان مىتاللۇئىد قېزىلما بايلىقىدىن 20 خىلى بولۇپ، ئاساسلىق چىقىدىغان جايى 500 دىن ئارتۇق، بۇلاردا ئاساسلىقى تۇز تۈرىدىكى قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ، تۈرۈ تولۇق زاپىسى مول، تارقىلىشى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەۋزەل كۈن نۇرى ئىسسىقلىقى ۋە يەر، سۇ بايلىقى

شەرقىي تۈركىستاندا ئالەمشۇمۇل گېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، يىراق قەدىمكى زاماندىكى پايانسىز دېڭىزدىن بۈگۈنكى تاغ دەريا، تۈزلەڭلىك - ئويمانلىق، ئۆستەڭ - كۆل، ئورمانلىق - يايلاق، چۆل - جەزىرە قاتارلىق كۆپ خىل يەر شەكلى مۇجەسسەملەنگەن جايغا ئايلاندى، بۇ جاي ئىنسانىيەت ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ياشىشى، كۆپىيىشىنى مول كۈن نۇرى ئىسسىقلىقى سۇ ۋە يەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر بايلىقى

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ زېمىنى كەڭ، يەر شەكلى ھەرخىل ھەم مۇرەككەپ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ۋە تەكشى كەتكەن كەڭ ئويمانلىقلار تەرتىپ بويىچە تىزىلىپ، « ئۈچ تاغ ئارىسىدىكى ئىككى ئويمانلىق» تىن ئىبارەت يەر شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىر ئۇ خىتاينىڭ «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» دىكى جەلپكار زېمىن، ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى ئالدىنقى سەپ بولۇپ قالدى .

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يەر بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 1.6649 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى قۇرۇقلۇق يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دۆلەت چېگرا سىزىقى ئەڭ ئۇزۇن، قوشنا دۆلەتلەر كۆپ ئاپتونوم رايون. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يېزا - ئىگىلىكى ئاساسلىقى بوستانلىقلارغا تارقالغان، يېزا - ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان يەرنىڭ 80% ى ھازىر بار يايلاقلار ھېسابلىنىدۇ.

### يەردىن پايدىلىنىش قۇرۇلمىسى

شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن - بايلىق نازارىتىنىڭ يەردىن پايدىلىنىشنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەر (تېرىلغۇ يەر، باغۋەنچىلىك يېرى، ئورمانلىق يېرى، يايلاق يېرى، سۇ يۈزى) جەمئىي 63.805 مىليون گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 37.89% نى ئىگىلەيدۇ؛ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر (ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى ۋە سانائەت، كان - كارخانىلارغا ئىشلىتىلگەن يەر، قاتناشقا ئىشلىتىلگەن يەر، سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرىگە ئىشلىتىلگەن يەر) 1.2343 مىليون گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.74% نى ئىگىلەيدۇ؛ پايدىلانمىغان يەر 102.1749 مىليون گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 61.37% نى ئىگىلەيدۇ.

## ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقى

شەرقىي تۈركىستان ياۋرۇ ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئۇ تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە قىيىنلىقىنى بەلگىلىگەن. سۇغىرىلىدىغان يېزا ـ ئىگىلىكى ۋە بوستانلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە ۋەزىيەت سۇ بايلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسىي ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى بەلگىلىگەن. سۇ شەرقىي تۈركىستان يېزا ئىگىلىكىنىڭ، ھەتتا خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى.

### سۇ بايلىقىنىڭ جايلىشىشى

#### يەر ئۈستى سۇ بايلىقى

شەرقىي تۈركىستاندىكى چوڭ ـ كىچىك دەريا ئېقىن 570 تىن ئارتۇق. ئاساسلىق دەريا ئېقىنلاردىن ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، تارىم دەرياسى، قايدۇ دەرياسى قاتارلىقلار بار. شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى دەريا ئېقىنلارنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ ھەممىسى تاغلىق رايونلاردىكى ،ھۆل يېغىننىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ تاغلىق رايوندىكى دەريا قېنىغا قوشۇلۇپ تاغ سىرتىغا ئېقىپ چىقىدۇ. كۆپ قىسىم دەريالار ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىغا تەۋە، پەقەت شىمالىي قىسىمدىكى ئېرتىش دەرياسى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ، جەنۇبىي قىسىمدىكى قارا قۇرۇم تېغىدىكى چىپچاپ دەرياسى

قاتارلىقلار ھىندى ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ.

## يەر ئاستى سۇ بايلىقى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي جايلىشىش ئالاھىدىلىكى شىمالىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننىڭكىدىن كۆپ، غەربىي شىمال قىسمىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىن كۆپ. سۇ پارىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە يېقىن، شۇنداقلا سۇ مەنبەسى مول ئېگىز تاغ تېزمىلىرىغا يېقىن تاغ ئالدى تۈزلەڭلىك رايونلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى ئەڭ مول رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى سۇيىنى ئېچىپ پايدىلىنىش تارىخى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن كارىز شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولغاندىن كېيىن باشلانغان. يەر ئاستى سۇيىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىۋاتقان ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بولۇش، سۇ يېتىشمەسلىك ۋە سۇ بايلىقىنىڭ جايلىشىشى تەكشى بولماسلىق مەسىلىسى ھەل قىلىندى، شورلۇق يەرلەر ئۆزگەرتىلدى. مەسىلەن ۋۇجياچۇ سۇغىرىش رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تىك قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش ئارقىلىق سۇ - تۇپراقنى ياخشىلاش تەجرىبىسىدە، سۇ تەمىنلەش مىقدارىنى ئاشۇرۇش، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش، تۇپراقنى ياخشىلاش جەھەتلەردە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. نۆۋەتتە «قۇملۇقتىن سۇ ئېلىش» باشلاندى
.

## بوشلۇقتىكى سۇ بايلىقى

شــەھەرلەرنىڭ تېــز ســۈرئەتتە تەرەققىــي قىلىشــى ســۇ قىســلىقىنى كەلتــۈرۈپ چىقــاردى، بۇنىــڭ بىلــەن كىشــىلەر يېڭــى تاتلىــق ســۇ مەنبەلــىرى ئۈســتىدە ئويلانماقتا . ”بوشــلۇقتىكى ســۇ بايلىقــى» نــى ئېچــىش ۋە ئۇنىڭدىــن پايدىلىنىــش يېڭى، شــۇنداقلا مۇمكىنچىلىكــى بولغــان لايىھــە بولــۇپ قالدى. شــەرقىي تۈركىســتان بوشــلۇقىدىكى ســۇ پــارى ئاساســلىقى غەربتىــن شــەرققە يۆتكىلىدۇ. بــۇ ســۇ پارلىرىنىــڭ بىــر قىســمى شــەرقىي تۈركىســتاندىكى ھــۆل يېغىنىنىــڭ مەنبەســى بولىــدۇ، قالغــان يەنــە بىرقىســمى شــەرقىي تۈركىســتانغا كىرگەندىــن كېيىــن يەنــە بوشــلۇق ئارقىلىــق شــەرقىي تۈركىســتاندىن ئايرىلىــدۇ. (ئاساســلىقى خىتاينىــڭ شــەرقىي قىســمىغا كىرىــدۇ).

شــەرقىي تۈركىســتاندىكى ھــۆل يېغىــن ئاساســلىقى تاغلىــق رايونلارغــا تارقالغــان بولــۇپ، يىللىــق ئوتتۇرىچــە ھــۆل يېغىــن مىقــدارى 200 مىللىمېتىرغــا يەتمەيــدۇ. ھورلىنىــش كۈچلــۈك بولغاچقــا، بىــر قىســىم ھــۆل يېغىــن بىۋاســتە ھوردىلىــپ ئاتمۇســفېرا قاتلىمىغــا قايتىــپ كېتىــدۇ، ئــاز بىــر قىســمى يــەر يــۈزى ســۇ ئېقىنىنــى شــەكىللەندۈرىدۇ، بىــر قىســمى يــەر ئاســتىغا ســىڭىپ تاغلىــق رايــون يــەر ئاســتى ســۈيىنى شــەكىللەندۈرىدۇ. ھــۆل يېغىــن يــەر ئۈســتى ســۈيى ۋە يــەر ئاســتى ســۈيىنىڭ ئورتــاق مەنبەســى، شــۇڭا تاغلىــق رايــون شــەرقىي تۈركىســتانىنىڭ ســۇ بايلىقىنىــڭ شــەكىللىنىش رايونــى ھېســابلىنىدۇ. ئەممــا كــەڭ تۈزلەڭلىــك رايونــلاردا ھــۆل يېغىــن ئــاز، پارلىنىــش مىقــدارى يۇقىــرى بولغاچقــا، ئــۇ ســۇ بايلىقىنــى خورىتىــش رايونــى ھېســابلىنىدۇ.

# ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مول ئىسسىقلىق

يېتەرلىك كۈن نۇرى مول ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئۇزۇن تالالىق پاختا ۋە قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. شۇنداقلا قىراۋ ئۈششۈكى يوق مەزگىلدە رايونلار ئارا پەرقى زور بولۇپ، يىللار ئارا ئۆزگىرىش چوڭ. مەسىلەن: تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4000 سېلسىيە گرادۇستىن ئارتۇق، قىراۋ ئۈششۈكى يوق مەزگىل 200 كۈندىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، بۇ كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ جۇغلىنىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق. قوياشنىڭ پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي رادىياتسىيە مىقدارى ئىچىدە زىرائەتلەر سۈمۈرۈپ پايدىلىنىدىغان فوتوسىنتېزدىكى رادىئاتسىيە ئېنېرگىيىسى بىر قەدەر مول بولۇپ، زىرائەتلەر ۋە ئوت- چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىللىق پەرەس زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولۇپ، زىرائەتلەر جۇغلايدىغان قەنت مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ. مول كۈن نۇرى ۋە يىغىندى تېمپېراتۇرا، ئەلا سۈپەتلىك كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى بولغانلىقتىن، ئوخشاش سورتلۇق زىرائەتنى، بولۇپمۇ مېۋە ۋە مېۋە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان كۆكتاتلارنى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆستۈرسە، رەڭگى قېنىق ئوچۇق ۋە سۈپىتى ياخشى بولىدۇ.